# قەشقەر شەھرى

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(تۆتىنچى توپلام)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى تارىخي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى تۈزدى

# قەشقەر شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى

## تۆتىنچى توپلام

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇرېشىت ھاجى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار
تەتقىقات كومىتېتى تۈزدى

1990 - يىل ، ئىيۇن

## شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى ئەزالىرى

چاڭ بىلىڭ، سۇ رۇڭچۈن، شىيا ۋېيروڭ، ۋاڭ شىياڭ، ئابدۇرېشىت ھاجى، قەمەرجان، مىرزاھەت كېرىم، تۇرغۇن ھېلىم، ئاتىكە زەمىر، ئابلىمىت ئىسمائىل، مەمتىلى زىكرىيا، مەخەت تۇردى، ھامۇت سابىر، ئىبراھىم ئىمىن.

## «تارىخىي ماتېرىياللار» ئۇيغۇرچە توپلىمىنىڭ تەھرىرلەش گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىسمىلىكى

**گۇرۇپپا باشلىقى:** نۇرمەھەممەت ھوشۇر (قوشۇمچە)

**ئەزالىرى:** ئابدۇرېشىت ھاجى، قەمەرجان، مەمتىلى زىكرىيا، ئىبراھىم ئىمىن، مىرزاھەت كېرىم، تۇرغۇن ھېلىم.

www.uyghurkitap.com

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ توپلىمىمىزغا كىرگۈزۈلگەن «قەشقەر شەھىرىنىڭ
«خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش
كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرى» دا، قەشقەر شەھە-
رى سودا - سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى پاكىتلىق
ماتېرىياللار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «تارىخىي ماتې-
رىيال» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى شەھىرى-
مىزدىكى سودا - سانائەت شىركەتلىرىنىڭ، ساراي - دۇ-
كانلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق،
ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك، مىللىي سودا - سانا-
ئەتنى بوغقان، قىسقان رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى تولۇق
ئېچىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر شەھىرىدى-
كى سودا - سانائەت كارخانىلىرى، ئەنئەنىۋى بازار-
رەستىلەر، سارايلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى قىسمىدا،
سودا - سانائەتنىڭ پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا جۇڭگو كوم-
پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىدە ئۆزىنىڭ ياش-
لىق باھارىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا
ئېرىشكەنلىكى جانلىق پاكىتلار، ئەسلى سانلار بىلەن كۆر-
سىتىپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى قىسمىدا، سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-
تىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مەركەزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەققى-
دىكى سىياسەتلىرىنى، يوليورۇق - قارارلىرىنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇش ئەھۋالى، كەڭ سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز-

گەرتىشنى قوبۇل قىلىش، ئىددىيە ئۆزگەرتىش ئەھۋالى
قاتارلىق ئەھۋاللار ئىخچام كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «قەشقەر
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» دېگەن ماقالىدا، قەشقەرنىڭ يېڭى
مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپە،
شانلىق ئىز قالدۇرغان قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئو-
مۇمىي ئەھۋالى ۋە كۆرسەتكەن تۆھپىسى، جانلىق، ئەمەلىي
پاكىتلار ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان. يەنە «شىنجاڭ — ۋە-
تىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى» دېگەن ماقالىدا، شىن-
جاڭنىڭ ئىچكى جايلار بىلەن تارىختىكى سىياسىي، ئىقتىس-
ادىي، مەدەنىي ئالاقىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
بىرلىكتە قوغداشتا ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن خىزمەتلى-
رى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن
باشقا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قەشقەردە خىز-
مەت قىلغان كوممۇنىستلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى تونۇشتۇ-
رۇلغان بىر پارچە ماقالىمۇ بار. ماقالىدا، كوممۇنىزمغا
سادىق، خەۋپ-خەتەرگە قارىماي خىزمەت قىلغان بىر
تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى تو-
نۇشتۇرۇلغان.

— مۇھەررىردىن

# مۇندەرىجە


قەشقەر شەھىرىنىڭ «خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرى ( قىسقارتىلمىسى )

كىرىش سۆز ........................................ 1

I 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئەھۋال .................. 4

II ئازادلىقتىن كېيىنكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قارىتا پايدىلىنىش ، چەكلەش ، ئۆزگەرتىش .................................... 40

III سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش .................... 64 - 1

شىنجاڭ - ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى ...... 88

قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى .................................... 126

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كوممۇنىستلار .................... 146

# «قەشقەر شەھىرىنىڭ ‹خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش› تارىخىي ماتېرىياللىرى» (قىسقارتىلمىسى)

(دەسلەپكى كۆپىيە)

ئابدۇرىشىت ھاجى، مەمەت ناملار رەتلىگەن

## كىرىش سۆز

بۇ ماتېرىيال «قەشقەر شەھىرىنىڭ ‹خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش› تارىخىي ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال، دەسلەپكى كۆپىيە، شاپىڭراق نۇسخىسى) ئاساسىدا مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن قىسقارتىلىپ، يېزىق جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

شەھىرىمىزنىڭ «خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى 1988- يىلى 10- ئايدا ئاپتونوم رايون چاقىرغان «خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن قولغا ئېلىندى.

شەھەرلىك پارتكوم بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن تولۇق كۆڭۈل بۆلدى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپا قۇرۇلدى. مەخسۇس ئادەم، خىراجەت ئاجرىتىلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك جاپالىق ئەجىردىن كېيىن دەسلەپكى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. دەسلەپكى ئورىگىنال چىققاندىن كېيىن، رەھبەرلىك گۇرۇپپا قايتا-قايتا يىغىن ئېچىپ ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش پىكرىنى بەردى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، يولداش ئابدۇرېشىت ھاجى ماتېرىيال قۇرۇلمىسىنى يېڭىباشتىن ئەستايىدىل تەرتىپكە سالدى، يېزىق جەھەتتىن تۈزىتىپ كۆپىيەسىنى بېكىتتى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى ئابدۇكېرىم «سۆز بېشى» يازدى. تۇردى ئابدۇكېرىم «سۆز بېشى» دا مۇنداق كۆرسەتتى:

«خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت. ئەھمىيىتى شۇيەردىكى: ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ ئېلىپ بارغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ماركسىزملىق تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىچكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ساقلاشتا، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قارىتا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چوڭقۇر تارىخىي

ئەھمىيەتكە ۋە رېئاللىقنى ئەھمىيەتكە ئىگە. قەشقەر شەھەرنىڭ «خۇسۇسىي سودا - ساناەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تارىخىي ماتېرىياللىرى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ئائىت يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، شەھىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملاشتا ئىشلىگەن ئۇنتۇلماس خىزمەتلىرىنىڭ خاتىرىسى. ئۇ، شەھىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال. شەھىرىمىزدە توپلاپ رەتلەنگەن «تارىخىي ماتېرىيال» تېخى تۇنجى مېۋە ھەم ياخشى باشلىنىش. «خۇسۇسىي سودا - ساناەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» خىزمىتى سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، چېتىشلىق تەرەپلىرى كۆپ خىزمەت (مەسىلەن: سوتسىيالىستىك تۈزۈم، پارتىيە رەھبەرلىكى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېنى، تۈرلۈك سىياسەتلىرى، جۇڭخۇادىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھالىتى، دىنىي سىياسەت قاتارلىقلار). شۇڭلاشقا ماتېرىياللارنى تولۇق توپلاشقا، ئەستايىدىل رەتلەشكە ۋە شۇ ئاساستا، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ماتېرىيال» نىڭ تولۇق بولۇپ كېتەلمىگەن تەرەپلىرى، نۇقسانلىرى بولۇشى چوقۇم. بۇ ئىشتا قىزغىن يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل تىرىشىپ نەتىجە قازىنىشىنى، پايدىلانغۇچى يولداشلارنىڭ مۇۋاپىق پايدىلىنىشىنى، تەنقىدىي پىكىرلەر بولسا ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# I 1949- يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋال

## 1. سودا - سانائەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

قەشقەر ئۆلكىمىزنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان قەدىمكى مەدەنىي شەھەر. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى ئەللەر تاۋار ماللىرىنىڭ جۇغلىنىش، تارقاش جايى ۋە ئالماشتۇرۇش پونكىتى، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئۆلكىمىز غەربىي بۆلىكىدىكى مۇھىم يولىنىڭ قوشۇلۇش جايى. ئەزەلدىن تارتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مەركىزى بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئۆتىدىغان قاتناش لىنىيىسى قەشقەر شەھىرىدىن باشلانغان. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى — قەشقەرگە غەربتە ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر، ئافغانىستان، ھەتتاكى ئوتتۇرا شەرق بىلەن؛ شىمالىي تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، قوقان، ئەنجان، فەرغانە، ئالمۇتا قاتارلىق رايون، شەھەرلىرى بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. قەشقەرلىك چەۋەر سودىگەرلەر ئەلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەر بىلەن چېگرا سودىسى قىلىپ، مال، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان.

قەشقەرنىڭ سودىسى ئەزەلدىن ئىچكى بازارلارنى تەمىنلەشنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. تىجارەت قىلىنغان مال تۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـلىرى ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، سودا - سانائەتچىلەر ئىچىدىن بىر بۆلۈكلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭىيىپ دەسمايىسىمۇ كۆپەيگەن. ئۇلار مەملىكەت ئىچىدە ئۆلكە، شەھەر، رايون ئاتلاپ پۈتۈن شىنجاڭ، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاتناپ، ئۆز يېرىدىكى يەرلىك ماللارنى ئاپىرىپ سېتىپ، لازىملىق ماللارنى، بولۇپمۇ سانائەت ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-، 30- يىللىرىدىن تارتىپ سىرتقى ئەللەرگە يۈزلىنىشنى قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتىپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ماللىرىنى، قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان رايونلىرىدىكى ئەنجان، تاشكەنت، فەرغانە، قوقان، فرونزى، ئالمۇتا، ئوش قاتارلىق شەھەرلىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يەرلەردىن قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا باب كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ كەشمىر، گىلگىت، بالتىت، پىشاۋۇر، خانئابات، ئىچقاشىم قاتارلىق رايون، شەھەرلىرىگە بېرىپ يەرلىك ماللارغا رەڭ، دورا - دەرمەك، دېڭىز ھايۋانلىرى تېرىسى، خۇشپۇراق بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن، شۇنداقلا مۇشۇ رايونلار ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، نەپىس

زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇپ كەلگەن.

ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ راۋاجى قەشقەردىكى سودىگەر-لەرنى يەككە ھالەتتىن ئۆتۈپ، ھەمكارلىشىشتا، تارقاق مەب-لەغنى جۇغلاپ پاي قىلىپ، قوشۇپ، مۇناسىپ شىركەتلەرنى قۇ-رۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. سودا شىركەتلىرىنىڭ ئارقا-ئارقى-دىن قۇرۇلۇشى — قەشقەرنىڭ يەككە ترانسپورتىنى، كارۋان-چىلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق ئۇلاغ ترانسپورت گەۋدىسى قۇرۇشقا سەۋەب بولغان.

ئىچكى سودىگەرلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى — تاشقى سودىگەر-لەرنىڭ قەشقەرگە كېلىپ سودا سارىيى، رەستىلەرنى ئېچىپ بازار قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. قەشقەردىكى بىر نەچچە سارايلار، مەسىلەن: ئەنجان رەستە، ھىندى سارىيى دېگەنلەر ئاشۇ ئىچ-كى - تاشقى مال ئالماشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى.

قەشقەرنىڭ ئىچكى - تاشقى سودىسىدىكى تەدرىجى تە-رەققىيات 1940-يىللىرىغىچە تۈز سىزىق ھالەتتە يۇقىرى ئۆر-لىگەنىدى، يەرلىك ھۆكۈمىتى سانائەتمۇ ئۆز تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. ئەپسۇسلىنارلى-قى شۇكى، 1941-يىلىدىن باشلاپ ئاسىي شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتى-پاقىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن يۈز ئۆرۈپ، زوراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقىملىقنىڭ ئورنىنى مۇقىمسىزلىق، ئادالەت ئورنىنى ئادا-لەتسىزلىك، ئىمىنلىك ئورنىنى ئىچكى نىزا، ئېغىر - بېسىملىق ئورنىنى قاتتىق قوللۇق ئىگىلىدى. ئۈستقۇرۇلمىدىكى بۇنداق داۋالغۇش خېلى ۋاقىتتىن بېرى نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلاپ

كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.
بولۇپمۇ سودا ـ سانائەت ساھەسىدە تەننەرقنى قاپلىيالمايـ
دىغان تۆۋەن باھا مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىكنىڭ تەـ
رەققىياتىنى بوغدى. مال باھاسىدا گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشـ
كارا ئىككى خىل باھا مەيدانغا چىقىپ، بازارنىڭ مۇقىملىقىـ
نى قالايمىقانلاشتۇرۇپ پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
ئىشلەپچىقىرىش، خەلق تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالـ
دى. ئارقىدىن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، پۈـ
تۈن مەملىكەت خەلقىگە تېڭىلغان ئىچكى ئۇرۇش خۇددى ۋاـ
با كېسىلىگە ئوخشاش بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلدى. بۇنـ
داق ۋەزىيەت تاكى 1949-يىلى جۇڭگو، شۇنداقلا شىنجاڭ ئاـ
زاد بولغىچە تۈپتىن ئۆزگەرمىدى.

گەرچە شىڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىقى ۋە يۈزسىزلىكى، گوـ
مىنداڭنىڭ قاتتىق قوللۇق زوراۋانلىق سىياسىتى شىنجاڭدىـ
كى ھەر مىللەت خەلقىنى، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى چوڭ زىيانـ
غا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئەمما تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقان
مىللىي سودا ـ سانائەتنى ئۈزۈپ قويۇۋېتەلمىدى. مىللىي سوـ
دا ـ سانائەت خۇددى ئەتىيازدىكى قاتتىق شور پوستىنى تېـ
شىپ چىققان قومۇش نوتىسىدەك ئۆسۈپ چىقتى. دەسلەپكى تورـ
لۇقسىز ستاتىستىكىغا مەلۇماتلاردىن قارىغاندا 1949-يىلىـ
نىڭ ئاخىرىدا كونا شەھەر بازار ئىچىدىكى (ھازىرقى قەشـ
قەر شەھىرىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى) قول ـ سانائەت، سوـ
دا تىرانسپورت، يېمەك ـ ئىچمەك، خىزمەت ئۆتەش، پۇل مۇـ
ئامىلە، قاتارلىق چوڭ تۈرلەر بويىچە 1117 ئائىلە، 1324
تىن ئارتۇق ئادەم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. قوللىدا

ئىشلەپ تۇرغان مۇقىم ۋە كۆچمە مۇلۇك 952 مىڭ 700 يۈەندىن ئەتراپىدا بولغان.

## 2. سودا - سانائەت شىركەتلىرى، سوداسارايلار، ئەنئەنىۋى بازارلار

بىرىنچى، سودا - سانائەت شىركەتلىرى.

1) «ئىتتىپاق شىركىتى»: 1937 - يىلى 10 - ئايلاردا ئاتۇش ۋە قەشقەر كونىشەھەر سودىگەرلىرىدىن ھۈسەيىنەم باي، مۇھەممەت قۇربان ھاجى، ئىمىن ھاجى، ياسىن سەتەك، مەمەتئېلى خۇيجاك، خالىق ئاخۇن، سىيىت ئومۇمىي قاتارلىق سەككىز كىشى بىرلەشمە شىركەت قۇرۇپ، بۇ شىركەتكە «ئىتتىپاق شىركىتى» دەپ نام قويۇلغان (ئاتۇش سودىگەرلىرى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر سودىگەرلىرى ئىتتىپاقلىق ئىشانى قىلىپ مۇشۇنداق نام قويغان). 1938- يىللىرىغا كەلگەندە يەنە شاكىرجان، ئەخمەتجان، ئىمرەخمەت ئاخۇن قاتارلىق ئۈچ كىشى قۇرغان شىركىتىنى ئىتتىپاق شىركىتىگە قوشۇشقا ئىختىيار قىلىپ، پايچىكلەر 11 كىشىگە يەتكەن. شىركەت باشلىقلىقىنى ئىمىن ھاجىم (كېيىن ئىتتىپاق ئىمىن ھاجىم دەپ ئاتالغان)، مۇئاۋىنلىقىنى ياسىن سەتەك ئۆتىگەن. مەتىمىن خۇيجاك مۇئاۋىن ھەم نازارەتچى، زوبالكىن باش بوغالتىر بولغان. بۇ شىركەت خوتەن، قاغىلىق، گۇما، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ شۆبە شىركەت، مويكا ۋە ئىش قوشۇش ئورۇنلىرىنى قۇرغان. ئىتتىپاق شىركىتى دائىرىسىدە يىلبويى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 دىن 500گە قەدەر ئىشچى، باشقۇرغۇچى خادىملار ئىشلەپ كەلگەن. بۇ شىركەت ئاساسلىقى تېرە، ئۈچەي، يىپەك، پاختا، تىۋىت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇك قاتارلىقلارنىڭ تىجارىتىنى قىلغان. سېتىۋېلىنغان مال-لارغا ئىش قوشۇپ پىششىقلاپ، ئۆزىنىڭ سودا چوپقىتىنى سوۋسىن تۈرك (سوۋېت - جۇڭگو شىنجاڭ سودا شىركىتى) گە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن سانائەت ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ ھەر قايسى ئورۇنلارغا ئاپىرىپ سېتىش ياكى مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى قىلغان. بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چوڭ - كىچىك 30 دىن ئارتۇق ماشىنا سېتىۋېلىپ، ماشىنا كالۇنى قۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتى ۋە سوۋسىن تۈركنىڭ كىرا ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ماشىنا كالۇنى قاسقان بازىرىدا گراج قۇرۇپ، ئىبراھىم ئەپەندىنى باش مېخانىك قىلىپ ئىشلەتكەن. كالۇندا 50 كە قەدەر شوپۇر، رېمونتچى ۋە تېخنىك ئۇستىلار ئىشلىگەن.

ئىتتىپاق شىركىتى قۇرۇلۇپلا دوگۋار سودىسىنى يولغا قويۇپ تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسەلدى، 1938- يىللىرى شىركەت خادىملىرىدىن ھۈسەينەمباي، مۇھەممەت قۇربان ھاجى، مەتىمىن خۇيجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى جاللات شىڭشىسەي قاماققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ شىركەتتىكى قوشقان سەرمايە ۋە باشقا مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋەتكەن. مۇسادىرە قىلىنغان پۇل ئۈچۈن ئىتتىپاق شىركىتىدىن سوۋسىن تۈرك بىلەن تۈزگەن دوگۋار باھاسىغا سوندۇرۇپ خام مال ئالغان. مۇشۇنداق سەۋەبلىك شىركەتتىن نۇرغۇن سەرمايە ئاجرىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانچە چوڭ تەسىرگە يولۇقماي تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. 1941- يىلدىكى سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدا ئىتتىپاق شىركىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا گېرمان فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش

ئۈچۈن شوپۇرلىرى بىلەن قوشۇپ ياردەمگە ترانسپورت ماشىنا ئەۋەتكەن. كېيىن بۇلاردىن ئاز قىسمى قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى شۇ يەردە چىقىم بولۇپ كەتكەن.

1941- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قەشقەر شەھىرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمەت تەرەپ باشقۇرغان يەرلىك ماللار شىركىتى قۇرۇلۇپ، سودا تىجارىتىنى يۈرۈشتۈرۈشكە باشلىغان. بۇ شىركەتمۇ ئۆز تىجارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر رايونىدىكى يەرلىك ماللارنى، جۈملىدىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى، چارۋا مەھسۇلاتى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت تۈرك بىلەن مال ئالماشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن شەخسىيلەر شىركىتىنىڭ سوۋېت تۈرك بىلەن قىلىۋاتقان دوكۋار سودىسىغا ئارقا - ئارقىدىن تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرى خۇسۇسىيلار شىركەتلىرىنى سوۋېت تۈرك بىلەن قىلىۋاتقان سودا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. سوۋېت تۈرك بىلەن بولۇۋاتقان بىۋاسىتە سودىنى يەرلىك ماللار شىركىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق شىركىتى 1943- يىلى ئۆز تىجارىتىنى توختىتىپ، سەرمايىدارلار ھېساب قىلىشىپ سەرمايىلارنى ئاجرىتىپ چىقىپ كېتىپ شىركەتنى تارقىتىۋەتكەن.

«ئىتتىپاق شىركىتى» مەۋجۇت بولغان ئەينى چاغدا جەمئىيەتكە خېلى چوڭ تۆھپىسىنى قوشقان.

(1) پەسىل خاراكتېرلىك تىجارەت ۋە دوكۋارغا مال تەييارلاپ چىقىش ئېھتىياجى بىلەن ھەر يىلى 200 دىن 500 گە قەدەر ئىشسىز كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى

مۇۋاپىق ئىش ھەققى بىلەن تەمىنلەپ ئالماي تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشكە ماددىي ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن.

(2) 30 دىن ئارتۇق يۈك ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە كىراغا سېلىپ، سودىگەر ۋە ئاممىنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق ۋىلايەت، شەھەر دائىرىسىدىكى بەزى چوڭ سودىگەرلەرنى خام، تاغار، چەكمەن، شاتاۋار، پاختا قاتارلىق يەرلىك ماللارنى ئۈرۈمچى، ئىلى، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قەدەر يۆتكەپ ئاپىرىپ، تىجارىتىنى يۈرۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. يەنە بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سانائەت ماللىرىنى سېتىۋېلىپ كېلىپ، قەشقەر دائىرىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەمىنلەشكە تۆھپە قوشقان.

(3) ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر ياۋاغ كۆۋرۈكى ھەر قېتىم سەل كەلگەندە، سەل سۇ ئېقىتىپ كېتىپ بىر قانچە ئايلاپ خەلقىمىزنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە زور قىيىنچىلىق بولاتتى. ئەينى چاغدا قەشقەر شەھەر بايلىرىدىن چوڭ سودىگەر ئىبراھىم لوزۇك بۇ كۆۋرۈكنى يېڭىدىن بىر قېتىم سالدۇرغان بولسىمۇ 3-4 يىلدىن كېيىن يەنە سەل سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ بۇزۇلۇپ كەتكەن. 1941 - يىلى ئىتتىپاق شىركىتى باشلامچىلىق قىلىپ بۇ كۆۋرۈكنى ياغاچ بىلەن قايتا ياساپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرغان. بۇ كۆۋرۈك تاكى 1964-يىلى سېمونت كۆۋرۈك قىلىپ ياسالغانغا قەدەر مەزمۇت، پۇختا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئاممىا ناھايىتى خۇرسەن بولغان.

(4) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يېتىملىقتۇم دېگەن يۇرتىنىڭ ناھىيە بازىرىغا ئۆتىدىغان

دەريا كۆۋرۈكى ۋەيران قىلىنىپ كېتىپ ئاممىنىڭ دەريادىن
ئۆتۈشىگە زور قىيىنچىلىق بولغان. شىركەت ئەزاسى ئەمەت-
جاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىركەت بۇ كۆۋرۈكنى ئۆز چى-
قىم قىلىپ ياساپ بەرگەن.

(5) يەكەن يىپەكچىلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن سوۋسۇن تۈرك ئارقىلىق 1939- يىلى سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن 40 يېشىك پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنى سېتىۋېلىپ، يە-
كەن خەلقلىرىگە تارقىتىپ بېرىپ پىلە باقتۇرۇپ، غوزىسى-
نى چىقىرىپ يەكەننىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيا-
تىنىڭ زور كۆلەملىك يۈكسىلىشىگە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى-
نىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قەدەر ياخشىلىنىشىغا ئاساس يارىتىپ
بەرگەن.

(6) 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە خەلق كۇلۇبى-
ياساش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى بولغاندا ئىتتىپاق
شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۈتۈن چىقىمىنىڭ كۆپ قىس-
مىنى بېرىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ھەمدە نۇرغۇن پۇل
ئاجرىتىپ بەرگەن. كۇلۇپ پۈتكەندىن كېيىنكى ھېسابىنى-
كۆرگەندە 60 پىرسەنتتىن كۆپرەك پۇلىنىڭ ئىتتىپاق شىركىتى
تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭدىن قەشقەر را-
يونىدىكى بارلىق ئامما ناھايىتى خۇرسەن بولغان. خەلقىمىزنىڭ
مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن زور تۆھپە
قوشقان بۇ كۇلۇب ھازىرغا قەدەر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ
جانلىق تەشۋىقات ئورنىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

(7) قەشقەر شەھىرىدىكى ئېلېكتر چىرىغى بىلەن يورۇ-
تۇش ئۈچۈن سەككىز تاشقا بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش.

لايىھەلەنگەن. ئىستىمپاق شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇر-
غۇن پۇل چىقىم قىلىپ قۇرۇشقا كىرىشكەن. ئەپسۇسكى شۇ-
چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يول قويماسلىقى تۈپەي-
لىدىن ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى توختىتىشقا مەجبۇر
بولغان. گەرچە بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، يە-
نىلا بۇ شىركەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆيۈ-
نۈش ئەمەلىي ھەرىكىتى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇر-
غانىدى.

(8) ئىستىمپاق شىركىتى يەنە ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن
سەككىز تاشقا پاختا زاۋۇتى، قەشقەر شەھەر ياۋاغ چاۋاك
مەھەللىسىدە تېرە، ئۈچەي، موي كا زاۋۇتى قاتارلىق ئىشلەپ-
چىقىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، بۇ ئورۇنلاردا نەچچە يۈز-
لىگەن ئىشسىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى
ئۆتكۈزۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە بىر قى-
سىم ئىشچىلارنى بىر نەچچە خىل كەسپىي تېخنىكىلارنى ئىگى-
لەپ چىقىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

2) «يېڭى يول» شىركىتى: قەشقەر شەھىرىدە
ئەڭ چوڭ ئاتاقلىق بايلاردىن ئۆمەرباي،
ئابدۇرېھىم بايۋەتچە، مۇھەممەدىن ھاجىم، ئابدۇراخ-
مان مەخسۇم، ئىسمايىل ئاخۇن كۆرپىچى قاتارلىقلار بىرلى-
شىپ سەرمايە قوشۇپ «يېڭى يول» نامىلىق بىر شىركەت قۇر-
غان. مۇزەپپەر دېگەن كىشى شىركەت ئىزامنامىسىنى تۈزۈپ
چىققان. بىر پاينى 50 سەر تەڭگە قىلغان. بىر پاي بىر ئا-
ۋاز قىلىنىپ بەلگىلىنىپ، كىم كۆپ پاي قوشقان بولسا شۇ كى-
شى باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق بولۇش بەلگىلەنگەن. بۇ شىر-

كەت قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلماي پايچىكلىرىدىن ئۆمەرباي قولغا ئېلىنىپ، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە چەتكە كېتىپ تارقىلىپ كەتكەن.

3) «ئازاد» شىركىتى: شىركەت ئورنى ياقۇپبەگ ھاجى دۇكىنىدا بولۇپ، ئاساسىي سەككىز نەپەر، باشلىقى رەھمەتۇللا كىربىيوپ، مۇئاۋىنى ئەخمەتخان (ياغ دوپپا)؛ ئەزالىرى: زۇنۇن ئاخۇن قازاق، تۆرخان موخۇرەكچى، مۇھەممەتخان مىھمانخانىچى قاتارلىقلار بولۇپ، سەرمايە جەمئىي ئالدى 2000 سەر تەڭگە، ئاخىرى 500 سەر تەڭگە پاي قوشقان. ئىككى يېرىم يىل داۋام قىلغان بۇ شىركەتنىڭ سوۋېتتىن تۆرك بىلەن تېرە - ئۈچەي، يۇڭغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلغان، ئاخىرىدا زىيان تارتىپ تارقالغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: باشقۇرۇش تۈزۈمى ياخشى بولمىغان ھەمدە باشقۇرغۇچىلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ خىيانەت قىلىپ يەپ - ئىچىپ كەتكەن، ھېسابات دەپتىرىنى كۆيدۈرۈپ، ھېساب كۆرۈشكە مۇمكىن بولمىغان.

4) غەيرەت شىركىتى: ئون نەپەر پايچىكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشلىقى ھوسۇيۇن موپتى، مۇئاۋىنى سوپىخەلپەت، ئەزالىرى ئابدۇراخمان قىزىردىم، ئاتۇشلۇق سالىھجان نىياز قاتارلىقلار ئىدى. تىجارەت ئورنى ئەنجان رەستىدىكى ماھمۇتخان بايۋەچچىنىڭ چوڭ دۇكىنى ئىدى. بۇ شىركەت سوۋېتتىن تۆرك بىلەن خام مالغا ماشىنا زاپچاسلىرى ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلغان. قەشقەردا ئىمىنىدىن يۇڭ، تېرە، يىپەك، زاراڭزا، چەكمەن، ھەر خىل قۇرۇق مېۋە قا-

قارامغۇلارنى سېتىۋېلىپ، ئىش قوشۇپ تەييارلاپ، يۇندىغىنىغا ما-
شىنا زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ماگېزىنلارغا سالغان. لېـ
كىن قەشقەر دائىرىسىدە مەيلى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ياكى
ھەربىي ئورۇنلار ۋە ياكى شەخسىلەردە بولسۇن، ئۇنچىۋالا ماشىنا
بولمىغاچقا، بۇ شىركەتنىڭ ماشىنا-سايمانلىرى ئېھتىياجدىن
ئارتۇق بولۇپ كېتىپ، بازار تاپالماي بېسىلىپ قېلىپ،
كىرىزىسقا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن شىركەت سودا - تىجارەت
ئىشلىرىنى تولۇق يۈرۈشلەشتۈرەلمەي زىيانغا ئۇچراپ قەرز-
گە بوغۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن جاللات شېڭ شىسەي شىر-
كەت ئەزالىرىدىن شىركەت باشلىقى ھۈسەيىن مۇپتى قاتار-
لىق تۆت كىشىنى رېجىمغا ئالغان. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈ-
پەيلىدىن بۇ شىركەت تاقالغان.

5) تۆمۈرچىلەر شىركىتى: بۇ شىركەتنىڭ دۇكان ئورۇ-
نى ئوردا ئالدىدا بولۇپ، ئومۇمىي پايچىكى 27 كىشى
بولۇپ، شىركەت باشلىقى ھېسامىدىن ئاخۇن، ئابدۇقادىر
يۈسۈپ، ئوبۇل يۈسۈپ، مەترەھىم ھاجى، نورۇز ھاجى، كىم-
چىك ھاجى، ئابدۇرېھىم كاللا، ئىسمايىل موللام، ئۆمەرچۈك،
زۇنۇن ئاخۇن قازان، ھەسەن ئاخۇن، رېھىم ئەمەن ھاجى، قاسىم
ھاجى (يۇقىرىقىلار ۋاپات بولغان) مەھەممەتخان مېھمان ھاجى
ھازىر ھايات بار. بىزنى مۇشۇ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن)
قاتارلىقلار بولۇپ، بىرلەشتۈرۈلگەن سەرمايىنى ئىشلىتىدىـ
غان ئۈچ كىشى شىركەت دۇكىنىدا تىجارەت يۈرگۈزگەن. قالـ
غانلارنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۇكىنى بولغان. بۇ شىر-
كەت تۆت يىل داۋام قىلغان. ئاساسلىقى سۇۋۇسىن تۆرۈك چۆپـ
تەكتىلىرىدىن تۆمۈر سايمانلىرىنى ۋە يەرلىك تۆمۈرچىلەرنىڭ

ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ تىجارەت يۈرۈشتۈرگەن، شۇڭا بۇلارنىڭ شىركىتىدە پايدا كۆپ بولغان. تۆت يىل جەريانىدىكى تىجارەتتە ھەر بىر كىشىنىڭ قوشقان سەرمايىسى ئىككى ھەسسىگە قەدەر كۆپەيگەن. كېيىن شەھەرىمىزدىكى باشقا شىركەتلەرنىڭ تاقىلىپ كېتىش ئەھۋالىغا قاراپ بۇ شىركەت ئەزالىرىمۇ تاقاپ سەرمايىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ شىركەتنى تارقىتىۋەتكەن.

6) كارۋانچىلار شىركىتى: كارۋانچىلىق كەسپى قەشقەرنىڭ ھىندىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قىلىدىغان سودا تىجارەت ئىشلىرى باشلانغاندىن كېيىن ئۇزۇن يولغا يۈكلەرنى توشۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر شىركەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى «ئاتچىلار شىركىتى» بىلەن «تۆگىچىلەر شىركىتى» ئىدى. ئاتچىلار شىركىتى ئابدۇراخمان خوجىيىن، ئابدۇقادىر ھاجى، مەمەت قۇربان ھاجى، جېلىل ئاخۇن خاتىپ، مەمەت تەتەي، ھوشۇر سەتەك، سالىمھاجى قۇرساق، مەمەتھاجى تاۋاق، ئابلا ھاجىم كاۋا، ئابدۇۋايىت ئاخۇن، ۋارىس ئاخۇنلار بىرلىشىپ قۇرغان، جېلىل ئاخۇنباي، ئابدۇقادىرھاجىلار باشلىق بولغان. شىركەتتە 350 دىن ئارتۇق ئات بار ئىدى. ھەسسىدارلارنىڭ ئالدى 60، ئاخىرى 10 غا قەدەر ئات سەرمايە قوشقان.

«تۆگىچىلەر شىركىتى»نى يۈسۈپقارى ھاجىم، ئەيسىراجىم قىزىل، ئوسمان ئاخۇن، سەلەي ھاجىم، يۈسۈپجان قاتارلىق 15 دىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ قۇرغان. ھەر قايسىلىرى ئۆزلىرى ئىشلىتىپ كەلگەن تۆگىلىرىنى پاي قىلىپ

قوشقان. جەمئىي تۆگە 1000 دىن ئارتۇق ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئارتىلغان تۆگە ۋە زاپاس تۆگىلەرمۇ بار). باشلىقى يۈسۈپ قارى ھاجىم ئىدى.

«كارۋانلار شىركىتى» — ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھىندىستان، كەشمىر، گىلگىت تەرەپلەرگە يۈك يۆتكەيدىغان. يۈك ئەپكىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ يۈكلىرىنى كىرا قىلىپ توشۇپ چەتئەلگە قاتنايتتى. بۇلار دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەركەشتام ۋە سوپىقورغان دېگەن يەرلىرىگە يەرلىك مال كىرا قىلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن دوگۋارغا ئاساسەن سېتىۋېلىنغان سانائەت ماللىرىنى يۆتكەپ كەلگەن. كېيىن سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان دوگۋار ئۈزۈلگەندىن كېيىن گىلگىت، كەشمىر، ھىندىستان، ئافغانىستان، لاداخ تەرەپلەرگە قاتناپ كىراكەشلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ شىركەتتە ئىشچى ۋە پاي ئىگىسى بولۇپ 180 دىن ئارتۇق ئادەم بولغانىدى. شىركەت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر نەچچە يىل تىجارەت قىلغان. تىجارەت داۋامىدا پايدا - زىيان ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ماڭغان. ھاۋا كىلىماتى ۋە يول شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن ئات - تۆگىلەر جۇدۇن - چاپقۇندا مۇزلاپ، قارمۇزدا تېيىلىپ تاغ - ئۆڭكۈرلەرگە چۈشۈپ كېتىش بىلەن نۇرغۇن ئات - تۆگىلەر ئۆلۈپ كېتىپ، كارۋانلارغا زىيان بولىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرا بولمىغان چاغلاردا ئات - تۆگىلەرنى بېقىش چىقىمى كۆپ بولغان.

دېمەك، پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان ئىچىنارلىق ئەھۋال ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرغانىدى. مۇنداق ئەھ-

ئەھۋالدا بەزىلەر كارۋانلار شىركىتىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم كىراكەشلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئاتچىلار ئات هارۋىسى قىلدى، تۆگە كىراكەشلىرىمۇ شىنجاڭ دائىرىسىدە كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

هارۋىكەشلەرنىڭ شاگىيىسى (ئاقساقىلى) ئىسلام شاگىيى، سادىق شاگىيى، راخمان شاگىيى، ناسىر شاگىيى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ شاگىيلار» پۈتۈن هارۋىكەشلەرنىڭ كىرا ئىشلىرىغا كاپالەتچى بولاتتى. چەت ئەللەرگە مال يۆتكەيدىغان سودىگەرلەر ئالدى بىلەن «شاگىيلار»نى تېپىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن، شاگىيلار كىراكەشلەرنى بەلگىلەپ كىرا ھەققىنى سودىگەرلەر بىلەن پۈتۈشتۈرۈپ قويۇپ، پۈتۈشكەن مۇددەت ئىچىدە كىرا ماللارنى ئامان - ئېسەن ئاپىرىپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، كىرا قىلىنغان مال پۇلىدىن پىرسەنت پۇلى ئېلىپ پايدىلىناتتى. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كىرا قىلىنغان ماللار ئىككى ئايدىن ئۈچ ئايغا قەدەر ۋاقىتتا ئاران باراتتى. توقسۇن، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۈچار، تۇرپان قاتارلىق ئورۇنلارغىمۇ بىر ئايدىن بىر يېرىم ئايغىچە ۋاقىت ئىچىدە باراتتى. مۇنداق ئەھۋالدا بەزى باھا ئۆرلەپ كەتكەن چاغلاردا بېرىپ قالغان ماللار زىيانغا سېتىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ بولغان.

7) دوگۋار سودا شىركىتى: بۇ شىركەتكە تىلىۋالدى موللام باشلىق بولغان، 1936- يىلىدىن كېيىن قۇرۇلغان. كىچىك ھاجىم، تەۋەككۇل ئاخۇن، ئابلا كەتمەن، توختى موللام، ۋاسىل قارى قاتارلىقلار قاتناشقان. بۇ شىر-

كەتمۇ سۈۋسىن تۈرك بىلەن دوگۋار تۈزۈپ، يۇڭ، تېرە، پاختا، تىۋىت، ئۈچەي، ئات ياپىلى، زاراڭزا، مېغىز، قوي مېيى، سۇ ماي قاتارلىقلارغا سانائەت ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تىجارەت يۈرگۈزگەن. بۇ شىركەتنىڭمۇ 100 گە يېقىن ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى چوڭ بازارلىرىدىن خام ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش خادىملىرى ۋە جىياگۈڭ قىلىدىغان ئىشچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ شىركەتمۇ دوگۋار تۈزۈمى توختىغاندىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەن. شىركەتنىڭ دوگۋارى توختاپ قولىدا خام مال كۆپلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتقان.

مۇندىن باشقا يەنە كۆنچىلەر شىركىتى، ئوبۇل قارى باشچىلىقىدىكى ياشلار شىركىتى، غۇلجا شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرمۇ قۇرۇلۇپ، بىر قانچە ئاي تىجارەت قىلغان. بەزىلىرى زىيان تارتقان، زىيان تارتقاندىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەن.

شەھىرىمىزنىڭ سودا تىجارەت ئىشلىرىدا يۇقىرىقىدەك تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، يەنە سانائەت ئىشلىرىمۇ ۋە خىزمەت ئۆتەش، مۇلازىمەت ساھەسىدىمۇ خېلىلا ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: قادىر بىگا جىمىنىڭ يەرلىك ماللارغا ئىش قوشۇش كارخانىسى ھەر خىل كىيىم - كېچەك تىكىش، كىگىز، پىيما ئېتىش، ھەربىيلەرگە، دېھقانلارغا، شەھەر ئاھالىلىرىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇقادىر ئاخۇن ئۇستا باشچىلىقىدا توك ئېنېرگىيىسى مەنبەسى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، ھۈنەر-ئەسۋاب سايمانلىرىنى ياساش،

ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش كارخانىلىرىمۇ بارلىققا كېلىپ، نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ رولىنى كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى، سودا سارايلار،

شەھىرىمىز تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، قول سانائەت ماللىرىنىڭ توپلىنىپ تارقىلىش تۈگۈنى. يالغۇزلا دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەر، ۋىلايەت، رايونلاردىن سودا تىجارەتچىلىرى كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېتىشتىن تاشقىرى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر، ئەنگلىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەت، رايونلارنىڭمۇ سودىگەرلىرى كېلىپ، ھەر خىل سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا شەھىرىمىزدە بىر قانچە چوڭ ساراي ۋە مېھمان كۈتۈش ئورۇنلىرى تەبىئىي شەكىللەنگەن. مەشھۇر بولغانلىرىدىن، خام بازىرىدىكى «ھىندى سارىيى» (يەنى، چوڭتۇر ساراي، ئىلگىرى - سودا سانائەت بىرلەشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىدارە قىلغان، ھازىر تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ تىجارەت بىناسى بار)، ئورنى شۇ چاغدىكى شەھەر كوچىسىدىن خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ، ئورنى ھىندىستاندىن كەلگەن «رەكا باي»، «چەندەنباي» قاتارلىقلار ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت ئورنى قىلىپ ئاچقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خام بازىرىدىكى يۇسۇپ قوقانىنىڭ سارىيىنىمۇ ھىندى سودىگەرلىرىدىن «چۇنىۋاي»، «دۇشەنباي» قاتارلىقلار ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ تىجارەت يۈرگۈزگەن. ھىندىستاندىن كەلگەن يەنە بەزى سودىگەرلەر چىنىباغ ئەتراپىدىكى بەزى سارايلارغىمۇ چۈشۈپ تىجارىتىنى قىلىپ كېتىپ

تۇراتتى. يەنە بۇنىڭدىن باشقا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان يەردىكى (1939 - يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ) تۆگە سارىيى (دورغا بەگ سارىيى دەپمۇ ئاتالغان) نى ئافغانىستان ۋە پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر دېگەن يېرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت يۈرۈشتۈرگەن. چەتتىن كەلگەن بۇ تىجارەتچىلەر ھەر خىل رەڭ، دورا - دەرمەك قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى شەھەردە سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا يىپەك، خام، كېگىز، جاينامار، ئاق چەكمەن، خوتەن تولىمىسى قاتارلىق يەرلىك ماللارنى سېتىۋېلىپ ئۆز ئېلىگە يۆتكەيتتى. يەنە بەزىلىرى نېشە ئېلىپ ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كېتەتتى. رەستىلەردە ۋە شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى سىرتىدىكى رەستە-گۈزەر كوچىلىرىدىمۇ ئاز بولمىغان سارايى ۋە ئادەتتىكى مېھمان كۆتۈش (سودا - سېتىق ئىشلىرىغا كەلگەنلەرنى قوندۇرۇش ئورنى) ئېچىلغان. بۇ مېھمانخانىلاردا ھەر قايسى ناھىيە، رايون، بازارلاردىن كېلىدىغان چوڭ سودىگەر ۋە تىجارەتچىلەر ئېلىپ كەلگەن ماللارنى چۈشۈرۈپ بازار چىقىرىپ ساتاتتى ياكى بازارلىق ماللارنى سېتىۋېلىپ جوغلاپ ئاندىن يۆتكەيتتى. شەھىرىمىزدە چوڭراق سارايلار 50 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلار شەھەردىكى تۆت دەرۋازا ئىچىگە ۋە رەستىلەرگە ئورۇنلاشقان، بۇلاردىن مەشھۇرراقلىرى:
(1) موللاخۇن ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى ئوردىشكى يولى بىلەن تۆرە يارباغ كوچىسى ئۇچراشقان نۇقتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) تاۋار ماللار ئالماشتۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ بىرى؛ (2) ئاخۇن ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى

ئوردىشكى يولىنىڭ جەنۇبىي بەشئېرىق كوچىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ) تاۋار ماللار ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ بىرى؛ (3) پىچاق سارىيى (بۈگۈنكى ئوردىشكى يولىنىڭ جەنۇبى، دوپپا، تۇماق بازىرى كوچىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) پىچاق، يەرلىك مال، يىپەك بۇيۇملار سودىسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ساراي؛ (4) ئابدۇۋەلى ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى ئوردىشكى يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) پاختا يىپ مەھسۇلاتى، كىيىم-كېچەك سودىسى مەركەز قىلىنغان سودا سارىيى؛ (5) توخسۇن ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى نوربېشى يولىنىڭ شىمالىدا، ئەنجان كوچىسىنىڭ جەنۇبىي ئاغزىغا توغرا كېلىدۇ) سەررapلار كۆپرەك توپلانغان پۇل مۇئامىلە سارىيى؛ (6) ياڭاق سارىيى (بۈگۈنكى ئۆستەڭبويى يولىنىڭ جەنۇبىدا، جانان كوچىسىنىڭ شىمالىي ئاغزىغا توغرا كېلىدۇ) خوتەن قەغىزى، ياڭاق، قۇرۇق مېۋە سودىسى مەركەزلەشكەن ساراي؛ (7) مامۇت ئاخۇنباي سارىيى (بۈگۈنكى ئۆستەڭبويى يولىنىڭ جەنۇبىدىكى گۈدالىك كوچا ئىچىگە توغرا كېلىدۇ) گۈل بېسىلغان، بويالغان پاختا رەختلەر سودىسى مەركەزلەشكەن سودا سارىيى؛ (8) خەندان رىن سارىيى (بۈگۈنكى خەلق غەربىي يولىنىڭ جەنۇبىدا، تېلېگراف بىناسى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى، پولات-تۆمۈر-ماتېرىياللار سودىسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ساراي؛ (9) ماشاۋېي سارىيى (بۈگۈنكى خەلق غەربىي يولىنىڭ شىمالىدا، پوچتىخانا كونا تىجارەت بۆلۈم ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) گۆرۈكەشلىك، ئېچىتىپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ياساش، سېتىشنى مەركەز قىلغان؛ (10) لىشاۋېي

سارىيى (بۇگۈنكى خەلق غەربىي يولىنىڭ شىمالىدا، ۋىلايەتـ
لىك قۇرۇلۇش باشقارما ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) گۆرەكەشلىك،
ھاراق، تاماكا، ئىستېمال بويۇملىرى تىجارىتىنى ئاساس قىلـ
غان؛ (11) مەمەتخان سوپۇنچى سارىيى (بۇگۈنكى خەلق
غەربىي يولىنىڭ شىمالىدا، ۋىلايەتلىك بانكا ئورنىغا توغرا
كېلىدۇ) سوپۇن ئىشلەش، سېتىش ئاساس قىلىنغان؛ (12)
قۇلاپ سارىيى (بۇگۈنكى قۇمدەرۋازا يولىنىڭ شەرقىدە، كونا
قاتىقان بازىرىغا توغرا كېلىدۇ) ئاسما سائەتنى كەشمىر، پىشاـ
ۋۇردىن كەلگەن سودىگەرلەر بوياقچىلىقتا لازىملىق ماتېـ
رىياللارنى سېتىشنى مەركەز قىلغان ساراي؛ (13) مەمەت
ئاخۇنباي سارىيى (بۇگۈنكى قارقى دەرۋازا يولىنىڭ غەربىي
بىلەن ئارىيا يولىنىڭ جەنۇبىغىچە، يەنى شەھەرلىك پارتكوم قوـ
روسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ) دەك، قوشۇمچە يەرلىك مال
تىجارىتىنى ئاساس قىلغان؛ (14) قاسىم ئاخۇن ئۇستام سارـ
يى (بۇگۈنكى قارقى دەرۋازا يولىنىڭ شەرقىدە، ئارىيا يولىنىڭ
شىمالىغا، يەنى تۆمۈرچىلىك كوپىراتسىيە دۇكانلىرى ئورنىـ
غا توغرا كېلىدۇ) پولات ماتېرىياللىرى، دېھقانچىلىق سايـ
مانلىرى سودىسىنى مەركەز قىلغان؛ (15) ئوبۇسا يېتىبەگ
سارىيى (بۇگۈنكى قارقى دەرۋازا يولىنىڭ غەربىگە، ئارىيا يوـ
لىنىڭ شىمالىغا، يەنى كونا گۈلە بازىرىغا توغرا كېلىدۇ) قۇرۇق
يېمىش سودىسىنى ئاساس قىلغان؛ (16) مۇسا موللام سارىيى
(بۇگۈنكى تۆمەن يولىنىڭ شەرقىگە، يەنى ۋىلايەتلىك تاش
يول ئاسراش ئورنى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ) دەك، قوشۇمچە
بورا، قومۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ (17) ئابدۇـ
ۋاخمان ئاخۇن ئوچەيچى سارىيى (بۇگۈنكى ھەزرەت يولىنىڭ

شىمالىغا، تۈمەن كۆۋرۈكىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ) تېرە-
ئۈچەيگە ئىش قوشۇش، ئېلىپ سېتىشنى ئاساس قىلغان؛ (18)
توختى موللام تەۋەككۇل سارىيى (بۈگۈنكى شىمالىي ئازادلىق
يولىنىڭ شەرقىگە، ياۋاغ يولىنىڭ شىمالىغا، يەنى كونا پاخال
بازىرىغا توغرا كېلىدۇ) چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك مال،
قۇرۇق مېۋە، پاختا يىپ مەھسۇلاتلىرى، دوگۋار سودىسى ئې-
لىپ بېرىلاتتى؛ (19) مەھەممەتخان ھاجىم سارىيى (بۈگۈنكى
سەمەن يولىنىڭ جەنۇبىغا، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ
يېنىغا توغرا كېلىدۇ) تاۋار ماللىرى تىجارىتى سارىيى.
بۇ سارايلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئاساسەن تىجارەتچىلەر
ئۈچۈنلا مەخسۇس ئېچىلغان بولۇپ، بەزىلىرى يەلبويى
ھوجرا تۇتۇپ، ئېلىم - سېتىم تىجارىتىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ئەن-
ئەنىۋى تىجارەت ئورنىغا ئايلانغان؛ (20) تىللا سارىيى (بۈگۈنكى
ھېيتگاھ جامە ئالدى مەيدانىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا، ھېيتگاھ سودا
سارىيىنىڭ ئامبىرى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) دەپ ئاتالغان.
بۇ ساراي ئالدىدا ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت، تەڭگە، داچەن،
تىيىن قاتارلىق مېتال پۇللارنى ئېلىپ ساتىدىغان سەرراپ-
لارنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرى بولاتتى. يىراق جايلاردىن كەل-
گەن سەرراپلارمۇ بۇ سارايدا ھوجرا ئىگىلەپ تىجارەت يۈرۈش-
تۈرگەن. يەرلىك سەرراپلارمۇ تەڭگە، تىللا بازىرىدا مۇقىم
ئورۇن ئىگىلەپ تىجارەت يۈرۈشتۈرگەن. شەھىرىمىزدە پۇل
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەرراپلار كۆپ سانىنى ئە-
گىلىمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ دەسمايىسى خېلى كۆپ سالماق-
نى ئىگىلىگەن. مەشھۇر سەرراپلاردىن نىيازئاخۇن سەرراپ،
مەھەممەتجان، ھامىت ھاجىم، مەھەممەت نىياز ئاخۇن، باقى

ئاخۇن، تۇردى ھاجىم كەشمىر، مەمەت ھاجىم، ئەخمەتجان، مىرەخمەت ھاجىم، ناسىر ھاجىم، سەھىيىدىن ھاجىم، ئوسمان ھاجىم، ئابدۇھېلىم ئاخۇن، سىدىق ئاخۇن، مەمەتخان، ئەخمەت ئاخۇن ئاكا، روزى ئاخۇن ئاكا، پالتا ئاخۇنزەرگەر، تۇرغۇن سەرراپ قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىمزىچىل ھالدا سەرراپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. سەرراپلىق قىلغۇچىلاردىن خەنزۇ سەرراپلارمۇ بار ئىدى. تىجارەتكە قاتناشتۇرۇلغان ئالتۇن تۈرلىرى بىر نەچچە خىل بولۇپ، نومۇر ۋە خەت بېسىلغان ھەبىبرەك ئالتۇن، ئالتاي ئالتۇنى، خوتەن ئالتۇنى، ئىش قوشقان بىلەيزۈك، زىرە، ئۈزۈك، قاداق تاجى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ئۆز تۈرى بويىچە پىر يۈم قىلىنىپ باھاسى بېكىتىلىپ سېتىلاتتى، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت چىقارغان قەغەز پۇل بىلەن كۆمۈش پۇلدا پەرق بولغانلىقتىن، كۆمۈش پۇل بىر سەرلىك تەڭگە، يېرىم سەرلىك تەڭگە، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقاللىق تەڭگە دەپ پەرقلىنىپ باھاسى بەلگىلەنگەن. تىللا ئىچىدە ئەنگلىيە ۋە چارروسىيە چىقارغان تىللا ئەتىۋارلىق قارىلىپ، باھاسى ئۈستۈنرەك بولاتتى، بۇنىڭدىن باشقا سورىكۋاي مىسقال، تاختا كۆمۈشلەرنى يامبۇ قۇيدۇرۇپ ساتاتتى. يامبۇ ۋەزنى جەھەتتە بىر نەچچە خىلغا ئايرىلاتتى. باھا جەھەتتە قەغەز پۇلنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن مىسقال پۇللارنىڭ قىممەت باھاسى بىر قەدەر مۇقىمراق بولۇپ، ئۈستۈن-تۆۋەنلىك ئۆزگىرىشى چوڭ ئەمەس ئىدى. قەغەز پۇل ئىچىدە شىڭ شىسەي پۇلى، گومىنداڭ پۇلى (جانىمخان چىقارغان پۇل)، گەنجىڭ پۇل قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن شەھىرىمىزنىڭ سودا - تىجارەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەر قايسى مەركىزدىكى ئورۇنلاردا، رەستە - گۇزەرلەر بارلىققا كەلگەن. مەشھۇر بولغانلىرى «ئەنجان رەستىسى»، «قاراڭغۇ رەستە»، «ئەلچىخانا»، «ئوردا ئالدى» بازىرى قاتارلىقلاردۇر.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى بازارلار.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر قانچە مەركىزدىكى بازار، رەستە - گۇزەرلەر بارلىققا كەلگەن. خەلق ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان «ئەنجان رەستىسى»، «قاراڭغۇ رەستە»، «ئەلچىخانا»، «ئوردا ئالدى» بازىرى قاتارلىق ئورۇنلار ھازىرمۇ ئاۋات بازارلاردۇر، بۇ بازارلار ھېلىمۇ ھەم شۇ ناملار بىلەن ئاتالماقتا.

(1) ئەنجان رەستە:

بۇ بازارنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ئىقتىسادىي تارىخنى ئەسلەپ كۆرگەندە، ئەنجاندىن قەشقەرگە كەلگەنلەر مىنگو يىلىنىڭ ئالدىدا كېلىشكە باشلىغان. 1917-يىلىدىكى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، بىر بۆلۈك ئۆزبېك تىجارەتچىلىرى شىنجاڭغا، جۈملىدىن قەشقەر شەھىرىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ 1920-يىلى 5-ئايدا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا سودا قىلىش ۋاقىتلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، قورغاس، جىمىنى، بورچىن، باقتۇ قاتارلىق تۆت ئېغىزنى ئاچتى. 1923- يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭ رايونىغا قارىتىلغان تاشقى سودا سىياسىتىنى تۈزۈپ سودىگەرلەرنىڭ سودا ئاپپاراتىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. 1931- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ-سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورگانلىرى ۋە گىراژدانلىرىغا قەشقەر، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك رايونلىرىدا ئەركىن سودا قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا سوۋېت ئۆزبېكىستان، ئەنجان تەرەپلىرىدىن كەلگەن ئۆزبېك سودىگەرلىرى قەشقەر شەھىرى ۋە باشقا ناھىيىلەرگە قەدەر بېرىپ ئورۇنلىشىپ ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. دەسلەپتىلا ئەنجاندىن شەھىرىمىزگە كېلىپ ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىقلىرىدىن ئەھمەت بىگاجى، سوپى بىگاجى، ئىسرائىلجان، ئابدۇخېلىل ھاجى، ئىسمائىلجان قۇربانوپ، جالالىدىن ھاجى، ئابدۇقەييۇم ھاجى، يەھياجان، نەبىجان، ئەرەخان تۆرەم، ھاجى تۆرەم، ھىساممىدىن باي، موھىددىنجان باي، سەتتىۋالدىجان، غوپۇرجان ھاجىم، ئابلاجان ھاجىم، مەمەتجان ئاكا قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ھېيتگاھنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىي تەرەپ ياۋاغدەرۋازىسىغىچە سوزۇلغان ئىنچىكە بولمىغان بىر كوچا (ھازىرقى ئەنجان رەستە كوچىسى) دىن دۇكان ئېچىپ ئولتۇرۇپ تىجارەت يۈرگۈزگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەنجاندىن كەلگەن ئۆزبېك تىجارەتچىلەرنىڭ سانى بارغان-

سېرى كۆپىيىپ، ئىجارەت سەرمايىسى ئاساسىي سالماقنى ئى-
گىلىگەن. شۇڭا بۇ كوچىنىڭ ئىسمى خەلق ئىلىدا « ئەنجان
رەستىسى » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

« ئەنجان كوچا » دېگەن ئاتالغۇ، ئەنجاندىن كەلگەن ئۆزبېك ئىجارەتچىلەر ئۆزلىرى دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان ئەنجان رەستىسىنىڭ غەربىدىكى ئارقا كوچىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ياكى ئۆي سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن بۇ كوچىنىڭ ئىسمىمۇ « ئەنجانلىقلار كوچىسى » دەپ ئاتالغان.

ئەنجان رەستىسىنىڭ كوچا قۇرۇلۇش تەرەققىياتىدىمۇ يېقىندىن - يېقىنغا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. كوچىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ( ھازىرقى ئەنجان رەستە باشلانغۇچ مەكتەپ) كە ماڭىدىغان كوچىنىڭ دوقمۇشىغا باھاۋۇددىن باي «لەپكە» نامىلىق بىر يورۇش دۇكان ياسىغان. شەرق تەرىپىگە ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ بىر يورۇش، ئابدۇرېھىم ئاخۇن بايۋەچچى بىر يورۇش دۇكان ياسىغان. غەرب تەرىپىگە ئۆمەر ئاخۇنباي (ئاخۇنباي يوپ) بىر يورۇش، كېيىنچە چايخانا دەپ ئاتالغان؛ ھېسامىددىن باي ئوغلى ماموتخان بايۋەچچە بىر يورۇش دۇكان ياساپ ئۆزلىرى ئىشلىتىپ ئېھتىياجىدىن ئاشقان قىسمىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرگەن. موشۇنداق قىلىپ بۇ رەستە موقىم سودا دۇكانلىرى بىلەن ئاۋاتلاشقان.

(2) ئوردا ئالدى بازىرى:

شەھىرىمىزدە يەنە ئاتاقلىق بازاردىن بىرى — ئوردا ئالدى بازىرى. بۇ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرگە ئىگە بازاردا ھەممە خىلدىكى ھۆپىگەرلەر، سېتىقچىلار، يايمىچىلار،

ئۇششاق قول ـ ھۈنەرۋەنلەر ئارىلاش ئورۇنلاشقان. بىر
قىسمى مۇنتىزىم دۇكان، كۆپ ساندىكىلىرى يايما دۇكان قى-
لىپ سودا تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى يۈرۈشتۈرۈپ
كەلگەن.

بۇ ئورۇننىڭ «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتىلىشىنىڭمۇ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. قەشقەر شەھىرىگە ھاكىمبەگ
بولغان زورىدىن ھاكىم 1839 ـ يىللىرىغا كەلگەندە قەشقەر
شەھىرىنىڭ قورۇلۇشىدا ئىرىسىنى قايتا كېڭەيتكەندىن كېيىن ئىش
بېجىرىش ئورنىنى بۇرۇنقى ئىچكەركى شەھەردىكى «كونا
ئوردا، ئارا ئوردا» لاردىن ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمى-
نىڭ ئورنىغا يۆتكەپ، ئوردا ئىمارىتى سالدۇرغان. ئوردى-
نىڭ دەرۋازىسى تاكى 1864 ـ يىلغىچە جەنۇب تەرەپكە قا-
راپ تۇراتتى. 1864 ـ يىلدىن كېيىن زورىدىن ھاكىمبەگ
ئورنىغا «بەدۆلەت» (ياقۇپبەگ) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقق-
اندىن كېيىن ئوردا دەرۋازىسىنى شىمال تەرەپكە يۆتكىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدى «ئوردا ئالدى»
دېگەن نامغا يۆتكەلدى. بۇ نام پۈتۈن خەلق تىلىدا كەڭ
ئورۇن ئېلىپ مۇقىملاشتى. 1878 ـ يىللىرىدىن كېيىن يەنە
بەدۆلەت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى
ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، دەرۋازىنى يەنە قايتا جەنۇب تەرەپكە
يۆتكىدى. گەرچە ئارىدىن ھازىرغىچە 122 يىل ئۆتكەن بول-
سىمۇ، لېكىن «ئوردا ئالدى» دېگەن بۇ نام خەلق تىلىدىن
ئۆچمەي، بۇ ئورۇن ھازىرمۇ مۇھىم بىر گوزەر بولۇپ كەلمەكتە.

(3) ئەلچىخانا رەستىسى:

شەھىرىمىزدە يەنە «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتالغان بۇ

ئورۇنىنىڭ يېنىدا « ئەلچىخانا » دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر مەشھۇر رەستە بار. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئورۇنىنىڭ « ئەلچىخانا » دەپ ئاتىلىشى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن روسىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ھاكىمىيىتى ئېتىراپ قىلىپ، مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە ئۆز ئارا باردى - كەلدى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن چەت ئەللەر ئەلچى خادىملىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتىشكە باشلىغان. ياقۇپ-بەگ ھاكىمىيىتى، چەت ئەللەرنىڭ ئەلچى خادىملىرىنى كۈ-تۈۋېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئوردىسىنىڭ شىما-لىدىكى قومكوچا دېگەن جايغا بىر بىنا سالدۇرغان. بۇ بىنا ئۆز زامانىسىدىكى ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوردى-نىڭ شانۇ شۆھرىتىگە لايىق قىلىپ يەرلىك ئۇسلۇبتا خېلى كۆركەم قىلىپ سېلىنغان. ھەر قايسى دۆلەتخانا، ھوجرىلارغا ئۆز لايىقىدا بىسات ۋە باشقا سەرەمجانلار ئورۇنلاشتۇرۇل-غان ھەمدە ساراي باشقۇرغۇچى، مېھمان كۈتكۈچى قاتارلىق-لارنى سەپلەپ، چەتتىن كەلگەن ئەلچى خادىم ۋە باشقا مېھ-مانلارنى كۈتكەن. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلىك بۇ ئورۇنغا « ئەلچىخانا » دەپ نام قويۇلۇپ كەڭ تارالغان. كېيىنكى چاغلاردا ئەلچىخانا دەپ ئاتالغان بۇ بىنا چېقىلىپ رەستىگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق تىلىدا ئۆزلىشىپ كەتكەن « ئەلچىخانا » دېگەن نام ھازىرغىچە خەلق تىلىدىن ئۆچمىگەن. ئەلچىخانا رەستىگە ئايلانغاندىن كېيىن خېلى بۇرۇنلا ھىندىستان سودى-گەرلىرى كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل رەڭ، دورا - دەرمەكلىرىنى يەرلىك دورا - دەرمەكچىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئورۇن ئاساسەن رەڭ،
دورا بازىرىغا ئايلانغان. شۇ چاغدىن تارتىپ ھازىرغا قە-
دەر شەھەر بويىچە رەڭ، دورا بازىرىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈ-
نى بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر بۇ ئورۇندا سېتىلىۋاتقان رەڭ
ۋە دورىلارنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. پۈتۈن سودىنىڭ 80
پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى يېزىدىن كەلگەن دېھقانلار قىلىدۇ. ھەر
خىل رەڭدىكى سىر ۋە مېتال سايمان، قورۇلۇش ماتېرىياللىرى
قوشۇلۇپ يەنىمۇ تولۇقلانغان ئۇنىۋېرسال بازارغا ئايلاندى.

## 3. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە رولى

ياشانغان پېشقەدەم تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ئەسلىمىسىدىن
قارىغاندا، شەھىرىمىزدە 1936 - يىللىرىدىن بۇيان سودى-
گەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلى بولغان. دەسلەپكى ئاتىلىشى
«شاڭۇخۇي» ئىدى. كېيىنچە «گوڭشاڭخۇي» غا ئۆزگەرگەن.
ئۇيۇشمىدا ھەرقايسى سودا كەسىپلىرىدىن ئەۋەتكەن سودىگەر-
لەرنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەن بىر جەمئىيەت بولۇپ،
جەمئىيەتنىڭ باشلىقىنى «شاڭزۇڭ»، «خۇيجاڭ» دەپ ئاتايت-
تى. ئاساسىي ۋەزىپىسى خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ۋە شەخسىي
تىجارەتچى، قول سانائەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك ئېلىم-
سېتىم ئىشلىرىدىكى ماجىرا، پايدا - زىيان دەۋالىرىنى ھەل
قىلىش، كاپالەتچىلىك، گۇۋاھچىلىق ئىشلىرىنى بېجىرىش، تى-
جارەتچىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىي مۈلكى
ئىشلىرىغا ئائىت چاقىرىقلىرىنى يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلدۇرۇش،
ئۇلارنى تەشكىللەپ يىغىن ھەم تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قات-
ناشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىش ئىدى. قەشقەردە
سوۋېت تەرەپ بىلەن بولىدىغان سودا مۇناسىۋەت باشلانغان-

دىن كېيىن، سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى تې-
خىمۇ جىددىي بولغانىدى. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر
نەچچە نەپەر مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ھەيئەت
ئەزالىرى بولۇپ، چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مەجلىس ئېچىپ مۇزا-
كىرە قىلىش ئارقىلىق بىرلىككە كېلىپ ئىش بېجىرگەن، خۇيې-
جاڭ، فۇخۇيجاڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا كاتىبات بۆلۈم، بوغال-
تىر بۆلۈم، تەكشى باھا بۆلۈم ۋە كەسپىي ئىشلارنى بېجىرىش
بۆلۈمى، لاۋازىمات بۆلۈمى قاتارلىق مەخسۇس ئاپپاراتلار
تەسىس قىلىنغان.

دەسلەپكى «ئاقساقال»لىق ياكى شاڭزۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى
ئاساس قىلغان ئاددىي تەشكىلىي ئاپپارات كېيىنچە خېلى مۇس-
تەھكەم فۇنكسىيىسى تولۇق ئاپپاراتقا تەرەققىي قىلغان.
سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار سايلام
ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يەرلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ بەلگىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.
سودىگەرلەر جەمئىيىتىگە قادىر ئاخۇن (شەيتان)، مەتنىياز
مەخسۇم، مەمتىمىن خۇيجاڭ، ئىبراھىم ھاجىم (ئۆدەك)، ئاب-
دۇقادىر ھاجى، تىلىۋالدى مۇللام، ياقۇپ ھاجىم، ئىسمائىل
ئاخۇن خەلپىتىم، ئىسرائىلجان شاڭزۇڭ ... قاتارلىق
مۆتىۋەر تىجارەتچىلەر ئىلگىرى - كېيىن خۇيجاڭ، فۇخۇيجاڭ
بولغان. ئۇيۇشمىنىڭ قالغان كادىرلىرىنىمۇ يەرلىك ھۆكۈ-
مەت ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتى ئەزالىرى بېكىتىپ ئىشلەتكەن.
1941 - يىلدىن 1949 - يىللىرىغىچە گوڭشاڭخۇيىنىڭ ئاساس-
لىق ۋەزىپىسى — تەكشى باھانى ئاساس قىلىپ، بازاردىكى مال
باھالىرىنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكىنى باشقۇرۇش، سودا -

سانائەتچىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلە، ئىلىم-سېتىم ئىشلىرىدىكى سۈركىلىش - توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش، سودىگەرلەرنىڭ ھۆكۈمەت ياكى فايۋەنگە ئەرز قىلىدىغان دەۋالىرىغا ئىگە بولۇپ ھەل قىلىپ قويۇش، يول قاتناش تىجارەتچىلىرىگە ھۆۋاپىق باشتۇرۇش ھەققىدە ئىلىپ يول خېتى يېزىپ بېرىش، ھەر بازاركۈنىنى ئاساس قىلىپ، مال باھالىرىنى ئىگىلەپ مۇقىم دەپتەرگە ئول-تۇرغۇزۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە جەدۋەل ئارقىلىق يوللاپ تۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن.

سودا - سانائەت بىرلەشمىسى ئەزالارغا قائىدە-قانۇن-لۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە سودا - سانائەت تىجا-رەتچىلەرنى باشلاپ شەھەردىكى ھەر ساھە، ھەر مىللەت خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىگىمۇ ئاكتىپ قات-نىشىپ ئەمەلىي تۆھپىلەرنى قوشتۇرغان. مەسىلەن: جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە ئاكتىپ قارشى تۇ-رۇش تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقاسەپ ياردەم بېرىش قەشقەر شۆبە ھەيئىتى» 1938 - يىلى 2- ئايدا قەشقەردە رەسمىي قۇرۇل-غان. شۆبە ھەيئىتىنىڭ يېتەكلىشى ۋە قوزغىتىشى بىلەن قەش-قەردىكى ھەر ساھە خەلقلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىنقى فرونتتا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە مەنىۋى جەھەتتە مەدەت بەرگەندىن سىرت، يەنە ئىئانە توپلاپ ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئىئانە قىلغانلار ئىچىدە سودىگەرلەر ئۇيۇش-مىسى، تىجارەت شىركەتلىرى ھەم ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەر،

قول ساناڭەتچىلەرئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ. بىز-
لارنىڭ قىلغان ياردەم سوممىسى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلىگەن.
مەسىلەن:

ئىتتىپاق شىركىتى نامىدىن مەمتىمىن ئاخۇن 100.000
سەر (شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق).

ئازاد شىركىتى نامىدىن سىدىق ئاخۇن 75.000 سەر.

غەيرەت شىركىتى نامىدىن 50.000 سەر.

ئۈمىد شىركىتى نامىدىن ئابدۇقەييۇم ھاجىم 15.100 سەر.

ترانسپورت شىركىتى نامىدىن يۇسۇپ قارى ھاجىم
80.000 سەر.

تۆمۈرچىلەر شىركىتى نامىدىن ئابدۇقادىر ئاخۇن
30.000 سەر

ياشلار شىركىتى نامىدا ئابدۇراخمان ھاجىم 10.000 سەر.

غۇلجا شىركىتى نامىدىن مەھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم
10.000 سەر.

كۆنچى شىركىتى نامىدا ئوبۇل قارى 10.000 سەر.

ئاتچىلار شىركىتى نامىدىن ئابدۇراخمان ئاخۇن
50.000 سەر.

ئىتتىپاق قىلىق شىركىتى نامىدىن ھېدايىتۇللا ھاجىم
10.000 سەر ئىئانە قىلغان.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى
زاماندىكى ئاتاقلىق شەخسىي تىجارەتچىلەردىن ئويۇشقان
شىركەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئىئانە سوممىسى
440 مىڭ 100 سەر بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇندىن باشقا شەخسىي تىجارەتچىلەردىن تۆۋەندىكى-
لەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىئانە قىلغان. بۇلار:

| | |
|---|---|
| مۇسىيۇن ئاخۇن مۇپەتتى ئاخۇن | 25.000 سەر |
| سوپى بەگ ھاجىم | 10.000 سەر |
| ئەھمەتخان مەخسۇم | 20.000 سەر |
| قادىر ئاخۇن شاپتۇل | 30.000 سەر |
| ئابدۇراخمان ئۇچەيچى | 30.000 سەر |
| يۇسۇپ قارى ھاجىم | 10.000 سەر |
| مەھەممەتخان خانىمىرىق | 25.000 سەر |
| تىلەۋالدى موللام خوجىجاك | 20.000 سەر |
| مەتنىياز مەخسۇم خوجىجاك | 20.000 سەر |
| ئىسرائىلجان شاكىزۇك | 5000 سەر |
| ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم | 3000 سەر |
| ھاشىمجان قادىر ئاخۇن خەلپىتىم | 5000 سەر |
| ئىمىن ھاجىم ئابدۇللا ھاجىم | 1000 سەر |
| ئابدۇراخمان ئاخۇن ئۇچەيچىنىڭ 16 نەپەر ئىشچىسى | 3.200 سەر |
| ئىسمائىلجان فۇجىگالى | 15.000 سەر |
| ئەھمەت ھاجىم ئاتۇش (ئەھمەتتەقۇل ھاجىم) | 10.000 سەر |
| تۇردۇش ئاخۇن باي ئاتۇش | 10.000 سەر |
| ئىمىن ئاخۇن ئاتۇش | 15.000 سەر |

قاتارلىق 150 نەپەر سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئالدى
30.000 سەردىن، ئاخىرى 1000 سەرگىچە، جەمئىي 544 مىڭ 450 سەر

ئىمانە قىلغان. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ يې-غىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارغا تاپشۇرغان.

يەنە مۇنىدىن باشقا كىنو - تىياتىر قويۇش ئارقىلىق ياردەم توپلاش ئۈچۈن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ تىياتىرخانىدىن بىر قېتىمدا 586 ۋاراق تىياتىر بې-لىتىنى (قىممىتى 79 مىڭ 160 سەر) ئېلىپ چىقىپ سودىگەرلەرگە سېتىپ، پۇلىنى تىياتىرخانا ئارقىلىق ئىمانە توپلاش ئورنى-غا تاپشۇرغان.

## 4. تەكسى باھا ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەكسى باھانىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

قەشقەرنىڭ سوۋېت تەرەپ بولغان مال ئالماشتۇرۇش سودىسى باشلانغاندىن كېيىن، شەھىرىمىزدىكى يەرلىك سو-دىگەرلەردىن تەركىب تاپقان شىركەتلەر ۋە ئايرىم يەككە سودىگەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن مال ئالماش-تۇرۇش دوگۋارى تۈزۈپ، سوۋېت تەرەپتىن ھەر خىل سانا-ئەت ماللىرىنى شەھىرىمىزگە كىرگۈزۈشكە باشلىدى. كىر-گۈزۈلگەن ماللار چەكلىك بولۇپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى تو-لۇق تەمىنلەپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ماللارنىڭ سېتىلىش باھاسىمۇ بىر خىل بولماي داۋاملىق ئۆرلەپ كې-تىپ، باشقا ماللارنىڭ باھاسىغىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆر-سىتىپ، تەبىئىي ھالدا پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ھەم خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن سوۋېت تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دوگۋار سودىسىنىڭ نورمال يۈرۈشتۈرۈلۈشىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا،

سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن قەشقەردە «تەكسى باھا ھەيئىتى» قۇرۇلغان. ھەيئەت تەركىبىدە، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىن دوتەي، شەنجاڭ، گۇڭئەنجۇنىڭ جۈيجاڭى، باجخانا، بانكا، گېزىتخانا، گۇڭشاڭخۇي ۋە مالىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى، تىجارەتچىلەر ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك بار كىشىلەر بار ئىدى. ھەيئەتنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى دوتەي قوشۇمچە ئۆتىگەن. شەنجاڭ ۋە گۇڭئەنجۇ يىنىڭ جۈيجاڭى ھەم گۇڭشاڭخۇ يىنىڭ باشلىقلىرى ھەيئەتنىڭ ئەزالىرى بولغان. تەكسى باھا ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسى: بازاردىكى ماللارنىڭ باھالىرىنى ئىگىلەپ ئۆز ئارا تەڭشەش، تەكسى باھا ھەيئەتلىرى بىلەن مەجلىس ئېچىپ ھەر خىل ماللارغا، بولۇپمۇ سانائەت ماللىرىغا تەكسى باھا بەلگىلەپ ئېلان قىلىش، ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەھۋالغا قاراپ جەرىمانە قويۇش ياكى مۇسادىرە قىلىش چارىسىنى قوللىنىش، ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى قاماققا ئېلىپ جازالاشتىن ئىبارەت بولغان. شۇ چاغدا سوۋېت بىلەن دوكۋارلاشقان يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت تەرەپتىن ئالماشتۇرۇپ ئالغان سانائەت ماللىرىنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەكسى باھادا سېتىش، 80 پىرسەنتىنى دوكۋارچىنىڭ ئۆزىنىڭ مال ئالماشتۇرۇۋېلىشىغا يول قويۇش توختام قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەكسى باھادا سېتىش دائىرىسى ئىچىدىكى ماللارنىمۇ ئۈستۈن باھادا سېتىپ، تەكسى باھاغا ئەمەل قىلمايدىغان ئەھۋالنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەكسى باھا ھەيئىتى تەكسى باھانىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن 90 كۈن مۇددەت بەلگىلەپ بەرگەن ھەمدە

بەلگىلەنگەن مۇددەت، ئىچىدە باھانى تەكشۈرۈپ چىققان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزىلەرنىڭ ماللىرىنى يوشۇرۇپ قويۇش ياكى تەكشى باھادا ئېلىپ، ئۈستۈن باھادا يوشۇرۇن سېتىش قاتارلىق قىلىقلىرىنى تېپىپ چىققان. پاش قىلغۇچىلارغا مال سودىسىنىڭ 20 پىرسەنتىنى مۇكاپات ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆي، دۇكانلىرىنى گۇمان بىلەن ئاختۇرۇپ ئورۇنسىز زىيان ئۇرۇش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەن، بەزىلىرى قولغا ئېلىنىپ مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان، يەنە بەزىلىرى ئېغىر جەرىمانىغا ئۇچراپ ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خائىن شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، مال ئالماشتۇرۇش سودىسىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. قەشقەر شەھىرىدىكى دوكۋار تۈزۈشكەن 12 تارماق شىركەتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن تاقالدى. بۇ شىركەتلەرنىڭ جىيا گۇڭ قىلىپ ئالماشتۇرۇشقا تەييارلاپ قويۇلغان خام ماللىرىنى ئالمىدى ياكى بەكمۇ تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى. ئىلگىرى ئۆتكۈزۈپ بولۇنغان ماللارغا ئالماشتۇرۇلىدىغان سانائەت ماللىرىنى ۋاقتىدا بەرمىدى. دوكۋار سودىسىدىكى بۇ خىل ئېگىز - پەس توختىتاق ھالەت يەرلىك سودىگەرلىرىمىزگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بەردى، بەزىلىرى نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ، مال- مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولدى، يەنە بەزىلىرى خائىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېت پەرەس دېگەن باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىپ ھاياتىدىن

ئايرىلدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن تەكسى باھا ھەيئىتىنىڭ رولىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، تەكسى باھامۇ قوللىنىلمايدىغان ھالەتلەر بارلىققا كەلدى. گۇڭشاڭ-خۇيىنىڭ تەشكىلىي ئورگىنى گەرچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، رولى تولۇق جارى بولمىدى. ئۆز ئەزالىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىشلىرىدا تەلەپكە لايىق ئىشلىيەلمەي، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالماي، يەرلىك سودا - سانائەتچىلەردىن ئەزالىق بەدەل يىغىپ ئۆزىنى ئۆزى ئاران تەمىنلەپ، پالەچ ھالەت ئىچىدە تەشكىلىي ئاپپاراتىنى ئارانلا ساقلاپ قالدى.

## II ئازادلىقتىن كېيىنكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قارىتا پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش

(1956 — 1951)

جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە قارىتا پايدىلىنىش، چەكلەش ۋە ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى، يەنى ئۇلارنىڭ دۆلەت پىلانى خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان تەرىپىدىن پايدىلىنىش، دۆلەت پىلانى ۋەخەلق تۇرمۇشىغا پايدىسىز بولغان تەرىپىنى چەكلەش ھەمدە دۆلەت كاپىتالىزىمنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ئارقىلىق ئۇلارغا پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ سىياسەت شەھىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھىرىمىزدىكى سودا-سانائەت ئىشلىرى توغرا تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى ۋە ساغلام ئەسلىگە كەلدى ھەمدە تەرەققىي قىلدى.

### 1. خۇسۇسىي سودا - سانائەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىز ئالدى بىلەن ئىلگىرى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولالماي ۋەيران بولۇش گىر-

دابىغا بېرىپ قالغان سودا ـ سانائەتنى قايتا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ سودا ـ سانائەتچىلەرنى قەتئىي قوللاپ مەدەت بېرىدىغانلىقى مەقسىدە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىچىدىكى مۆتىۋەر ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى بىرلىكسەپ سېپىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، سودا ـ سانائەت ئىقتىسادىنى بىرلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشنى، سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ پارتىيىمىزگە ئەگەشىپ ۋە ئىشىنىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ سودا ـ سانائەتچىلەردە توغرا تونۇش قەتئىي ئىشەنچىسى تۇرغۇزۇلدى.

1950 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلغىچە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا، پارتىيىمىز نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ، قول ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، سان جەھەتتە يىلمۇ يىل كۆپىيىشكە باشلىدى (1-، 2- جەدۋەلگە قارالسۇن).

1 - جەدۋەل

سودا - سانائەتچىلەرنىڭ 1950-، 1951 - يىللىقى

كەسىپلەر بويىچە تەكتىنى ئىگىلەش جەدۋىلى

(1990 - يىل 2 - ئاي)

| تەرتىپى | كەسىپلەر ئايرىمىسى | ئائىلە سانى | ئىقتىسادىي ئەھۋالى ★ | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1950 - يىل | 1951 - يىل | جەمئىي |
| 1 | قاسساپلار | 212 | 829793700 | 1694237150 | 1660030850 |
| 2 | مەلىچ مالچىلار | 237 | 268412550 | 318863520 | 587276070 |
| 3 | رەۋەندىلەر | 130 | 184614750 | 175663750 | 360278500 |
| 4 | يۇڭ، تېرىچىلار | 240 | 509221400 | 1138950150 | 1648171550 |
| 5 | يول تىجارەتچىلەر | 224 | 634422400 | 619232750 | 1253655150 |
| 6 | گەزمالچىلار | 115 | 85879900 | 60243500 | 146123400 |
| 7 | دوكۋارچىلار | 50 | 192721200 | 362721500 | 555433700 |
| 8 | ترانسپورتچىلار | 5 | 26054200 | 28662400 | 54716600 |
| 9 | سارايۋەنلەر | 22 | 16709850 | 32385750 | 49095600 |
| 10 | بوخۇچىلار | 4 | 57010700 | 65303250 | 122313950 |
| 11 | ئىلاھماتېرىيالچىلار | 76 | 31408250 | 60181950 | 91690200 |

1 ـ جەدۋەلنىڭ داۋامى

| نومۇرى | كەسىپلەر ئايرىمىسى | ئائىلە سانى | ئىقتىسادىي ئەھۋالى ★ | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1950 - يىل | 1951 - يىل | جەمئىي |
| 12 | ياغاچچى، تامچىلار | 67 | 53484824 | 119662047 | 173146971 |
| 13 | مەيدە مالچىلار | 384 | 44465710 | 37863550 | 82329260 |
| 14 | ناشپەزلەر | 46 | 7970000 | 11174600 | 19244600 |
| 15 | ناۋايلار | 181 | 28935500 | 133107400 | 162042900 |
| 16 | بوياقچىلار | 45 | 18293600 | 124934900 | 143228500 |
| 17 | كۆنچىلەر | 192 | 65044150 | 97453000 | 162497150 |
| 18 | تۆمۈرچىلەر | 90 | 74137000 | 48939100 | 122896100 |
| 19 | هاراق، تاماكىچىلار | 66 | 37147700 | 23063100 | 70210800 |
| 20 | توماقچىلار | 181 | 20907720 | 25050320 | 45958040 |
| 21 | باققاللار | 94 | 13050379 | 35875574 | 49925953 |
| 22 | رەڭ، دورىدۇاچىلار | 197 | 282575300 | 64239600 | 166814900 |
| 23 | ماشىنچىلار | 291 | 102023215 | 60505997 | 162529212 |
| | جەمئىي | 3333 | 3404575098 | 4025043608 | 7429618706 |

★ كونا پۇل بىرلىكى بويىچە ھېسابلاندى

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدەت بېرىشى ئاستىدا، شەھەر-يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا-سانائەت ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، تېخىمۇ زور كۆلەملىك تەرەققىي قىلىشقا قاراپ ماڭدى. كۆپ ساندىكى سودا-سانائەت كەسىپدارلىرى ئولتۇراق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ئالدىغا چوڭ-كىچىك دۇكانلارنى ئېچىپ تىجارەت قىلىغان بولسا، يەنە بەزىلىرى شىنجاڭ دائىرىسى، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە قەدەر قاتناپ يۈرۈپ، يول تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. تىجارەتچىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تېز تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ شەھەر-يېزىمىزدىمۇ كۆپچىلىك سەرمايە چىقىرىپ شېركەت بولۇپ شەكىللىنىپ تىجارەت يۈرۈشتۈرۈشنى بارلىققا كەلتۈردى. شەھەر-يېزىمىزدە خۇسۇسىي تىجارەتچىلەردىن قۇرۇلغان شېركەتلەر ئىچىدىكى نۇقتىلىقلىرى «يېڭى يول شېركىتى»، «تىنچلىق شېركىتى»، «بىرلىك شېركىتى» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ شېركەتلەرگە قويۇلغان نامۇ ئالاھىدە مەناغا ئىگە. مەسىلەن: تىنچلىق شېركىتى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنى، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «يېڭى يول شېركىتى» ئازاد بولغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە سودا-سانائەتچىلىرىمىز تىجارەتتە ئۆزلىرى «يېڭى يول» تېپىپ سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا مېڭىپ، يېڭىچە تىجارەت ئۇسلۇبى بىلەن تىجارەت باشلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «بىرلىك شېركىتى» پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن پارتىيە باشلىغان سوتسىيالىزم يولىدا بىرلىكتە قەدەم تاشلاپ مېڭىش روھى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 ـ جەدۋەل 1 ـ بەت

قەشقەر شەھىرى (شەھەر، يېڭىشەھەر بازىرىچى) دىكى 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ كەسىپ تۈرى ۋە سەرمايە ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

1990 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى        بىرلىكى: يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا)

| كەسىپ تۈرى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئادەم سانى | سەرمايە: ھازىر بار سەرمايىسى — جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | سەرمايە: ئەسلى مەلۇم قىلغان سەرمايە — جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | ھەر خىل سەرمايىدىكى ئائىلە — جەمئىي | 100 مىليوندىن يۇقىرى | 50 مىليوندىن يۇقىرى | 30 مىليوندىن يۇقىرى | 10 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن تۆۋەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 6017 | 6651 | 2374544 | 1741278 | 633266 | 1247917 | 947099 | 273818 | 6017 | 13 | 38 | 82 | 339 | 536 | 5009 |
| يول تىجارەتچىلەر | 221 | 221 | 771150 | 768685 | 2465 | 463455 | 461295 | 2160 | 221 | 12 | 28 | 32 | 81 | 34 | 34 |
| گەزماللىچىلار | 179 | 179 | 254844 | 237210 | 17634 | 137796 | 131685 | 6111 | 179 | 1 | — | 6 | 61 | 56 | 55 |
| كىراكەشلەر | 442 | 452 | 106125 | 695 | 105430 | 26012 | — | 26012 | 442 | — | — | — | 1 | 25 | 416 |
| تۆكىچىلەر | 83 | 83 | 108400 | 5100 | 103300 | 55650 | 4750 | 50900 | 83 | — | 1 | 6 | 36 | 12 | 28 |
| يەم ـ خەشەكچى | 30 | 60 | 4925 | 3445 | 1480 | 1475 | 785 | 690 | 30 | | | | | 3 | 27 |
| مېلىچ ماللىچىلار | 225 | 225 | 78758 | 73049 | 5709 | 40378 | 36017 | 4361 | 225 | | | 2 | 7 | 21 | 195 |
| مەيدە ماللىچىلار | 116 | 120 | 78363 | 58995 | 193068 | 43829 | 33633 | 10196 | 116 | | 1 | 9 | 15 | 8 | 83 |
| تۆمۈر بۇيۇملار | 103 | 103 | 26469 | 22886 | 3583 | 16908 | 14938 | 1970 | 103 | — | — | 4 | — | 4 | 95 |
| قەغەزچىلەر | 10 | 10 | 3455 | 2885 | 570 | 2510 | 2192 | 320 | 10 | — | — | — | 1 | 2 | 7 |
| سەتىراچىلار | 14 | 14 | 1131 | 891 | 240 | 851 | 657 | 194 | 14 | — | — | — | — | — | 14 |
| سېتىقچىلار | 90 | 92 | 5453 | 4827 | 626 | 3611 | 3174 | 437 | 90 | | | | | | 90 |
| ئەسكەرلەر | 7 | 7 | 657 | 620 | 37 | 23621 | 430 | 34 | 7 | | | | | | 7 |
| ماشىنىچىلار | 140 | 300 | 50110 | 6639 | 43471 | 14930 | 711 | 7980 | 140 | | | | 4 | 19 | 117 |
| چاپانچىلار | 144 | 150 | 59640 | 17705 | 41935 | 23282 | 4470 | 10460 | 144 | — | — | — | 7 | 32 | 105 |
| پىششىق خىشچى | 66 | 178 | 50139 | 18174 | 31965 | 9780 | 6132 | 7055 | 66 | — | — | 5 | 15 | 9 | 37 |
| ياغاچ بۇيۇش | 91 | 91 | 41194 | 28724 | 12470 | 9780 | 4890 | 4890 | 91 | | | | 9 | 26 | 56 |

| كەسىپ تۈرى | تۈزۈلمىسى ئائىلە سانى | ئادەم سانى | سەرمايە: ھازىر بار سەرمايىسى: جەمئىي | ھەرىكەتلىنىدىغان | مۇقىم | ئەسلى مەلۇم قىلىنغان سەرمايە: جەمئىي | ھەرىكەتلىنىدىغان | مۇقىم | ھەر خىل سەرمايىسىدىكى ئائىلە: جەمئىي | 100 مىليوندىن يۇقىرى | 50 مىليوندىن يۇقىرى | 30 مىليوندىن يۇقىرى | 10 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن تۆۋەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇۋاقچى | 20 | 20 | 803 | 526 | 277 | 44440 | 221 | 94 | 20 | | | | | | 20 |
| ئاشپەز | 79 | 79 | 18835 | 9541 | 9294 | 1475 | 3347 | 4790 | 79 | | | | | 7 | 72 |
| ناۋاي | 245 | 245 | 38858 | 26101 | 12757 | 19175 | 10912 | 8263 | 245 | | | | 2 | 5 | 238 |
| ساماۋەرچى | 32 | 32 | 3579 | 1331 | 2248 | 2516 | 770 | 1746 | 32 | | | | | 2 | 30 |
| مەيدە كىيىم ـ كېچەكچى | 178 | 178 | 11480 | 5968 | 5512 | 5839 | 2714 | 3125 | 178 | | | | 1 | 1 | 176 |
| سەيچىلەر | 63 | 63 | 3070 | 1631 | 1641 | 2353 | 1118 | 1235 | 63 | | — | — | — | 1 | 62 |
| ئاچچىقسۇچىلار | 11 | 11 | 12050 | 7700 | 4350 | 6220 | 3800 | 2620 | 11 | — | — | 2 | 2 | — | 7 |
| رەڭ بوياقچىلار | 64 | 64 | 59190 | 53160 | 6010 | 49480 | 56409 | 4180 | 64 | — | 1 | — | 20 | 22 | 21 |
| دورا ـ دەرمەكچىلەر | 7 | 7 | 3515 | 2375 | 1140 | 2990 | 45300 | 4180 | 7 | — | — | — | — | 3 | 4 |
| قەنت، چايچىلار | 89 | 89 | 13516 | 11484 | 2000 | 10176 | 2250 | 540 | 89 | — | — | — | 4 | 1 | 84 |
| سارايۋەنلەر | 207 | 218 | 63027 | 23138 | 38889 | 28203 | 8859 | 1319 | 207 | — | — | — | 2 | 32 | 173 |
| رەۋەندسلەر | 136 | 136 | 39212 | 23051 | 16161 | 22095 | 15236 | 21331 | 136 | — | — | — | 9 | 27 | 100 |
| تۈگمىچىلەر | 49 | 49 | 21090 | 3550 | 17540 | 14472 | 13101 | 8994 | 49 | — | — | — | 6 | 13 | 30 |
| هاراق ساتقۇچىلار | 123 | 123 | 27793 | 24130 | 3667 | 7170 | 15337 | 3808 | 123 | — | 2 | 6 | 5 | 8 | 102 |
| تاماكىچىلار | 72 | 72 | 21026 | 18865 | 2161 | 8852 | 5209 | 1961 | 72 | — | 1 | 4 | 13 | 10 | 44 |
| هاراق ياسىغۇچىلار | 38 | 38 | 10086 | 6080 | 4006 | 3117 | 8191 | 667 | 38 | — | 1 | 2 | — | 2 | 33 |
| تۆمۈرچىلەر | 97 | 97 | 24162 | 7939 | 16225 | 16820 | 10558 | 18459 | 97 | — | — | — | 3 | 9 | 85 |
| مىسكەرلەر | 23 | 23 | 1767 | 675 | 1095 | 1208 | 5275 | 11545 | 23 | — | — | — | 1 | 8 | 14 |
| پاختادۇرچىلار | 27 | 27 | 4680 | 3000 | 1680 | 2630 | 396 | 612 | 27 | — | — | — | — | — | 27 |
| قازانچىلار | 17 | 17 | 3155 | 2400 | 755 | 1970 | 1525 | 1105 | 17 | — | — | — | — | — | 17 |

| كەسىپ تۈرى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئادەم سانى | سەرمايە: ھازىر بار سەرمايىسى | | | سەرمايە: ئەسلى مەلۇم قىلغان سەرمايە | | | ھەرخىل سەرمايىدىكى ئائىلە | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | جەمئىي | 100 مىليوندىن يۇقىرى | 50 مىليوندىن يۇقىرى | 30 مىليوندىن يۇقىرى | 10 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن تۆۋەن |
| ھەرخىل رىمونتچىلار | 21 | 21 | 6564 | 3518 | 3046 | 2913 | 5320 | 650 | 21 | — | — | — | — | 5 | 16 |
| قۇلۇپسازلار | 67 | 67 | 6140 | 2035 | 4105 | 3677 | 862 | 2050 | 67 | — | — | — | 2 | — | 65 |
| قاساپلار | 178 | 198 | 37000 | 34000 | 3000 | 21041 | 17740 | 3301 | 178 | — | — | — | 6 | 10 | 162 |
| قۇرۇق يېمىشچىلەر | 362 | 362 | 27059 | 21494 | 5565 | 19512 | 15559 | 3953 | 362 | — | — | — | 4 | 7 | 351 |
| ھۆل يېمىشچىلەر | 76 | 76 | 8539 | 5535 | 3004 | 3976 | 2632 | 1344 | 76 | — | — | — | — | — | 76 |
| ياغچىلار | 90 | 90 | 20392 | 9547 | 10845 | 9168 | 4208 | 4960 | 90 | — | — | — | — | 9 | 81 |
| كىرسىنچىلەر | 18 | 25 | 7076 | 5300 | 1776 | 3280 | 2520 | 760 | 18 | — | — | — | 2 | 4 | 12 |
| سوپۇنچىلار | 27 | 27 | 5449 | 4700 | 749 | 3061 | 2526 | 535 | 27 | — | — | — | 2 | — | 25 |
| شامچىلار | 9 | 9 | 1581 | 1205 | 376 | 851 | 565 | 286 | 9 | — | — | — | — | — | 9 |
| تېرىچىلەر | 87 | 94 | 18111 | 14671 | 3440 | 11686 | 9456 | 2330 | 87 | — | — | — | 3 | 47 | 37 |
| يۇڭچىلار | 55 | 55 | 12820 | 10242 | 2578 | 7616 | 5394 | 2222 | 55 | — | — | — | 1 | 4 | 50 |
| زەرگەرلەر | 55 | 68 | 3885 | 2440 | 1445 | 2300 | 1975 | 1325 | 55 | — | — | — | — | — | 55 |
| سۈرەتچىلەر | 44 | | 4296 | 2898 | 1398 | 550 | 350 | 200 | 44 | — | — | — | 1 | 3 | 40 |
| سائەتچىلەر | 7 | 7 | 710 | 350 | 360 | 270 | 110 | 160 | 7 | — | — | — | — | — | 7 |
| چىش دوختۇرلار | 2 | 2 | 800 | 400 | 400 | 500 | 200 | 300 | 2 | — | — | — | — | 1 | 1 |
| ساتىراچلار | 13 | 17 | 3550 | 580 | 2970 | 1138 | 175 | 963 | 13 | — | — | — | 2 | — | 11 |
| ئويمىچىلار | 13 | 13 | 361 | 258 | 103 | 257 | 171 | 86 | 13 | — | — | — | — | — | 13 |
| مونچىكەشلەر | 5 | 10 | 14030 | 2050 | 11980 | 9625 | 2650 | 6975 | 5 | — | — | — | — | — | 5 |
| سازچىلار | 5 | 5 | 275 | 150 | 125 | 81 | 33 | 48 | 5 | — | — | — | — | — | 5 |
| ئەگلەكچىلەر | 18 | 18 | 1825 | 1130 | 695 | 1310 | 880 | 430 | 18 | — | — | — | — | — | 18 |

| كەسىپ تۈرى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئادەم سانى | سەرمايە: ھازىر بار سەرمايەسى: جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | ئەسلى مەلۇم قىلغان سەرمايە: جەمئىي | ھەرىكەتلىك | مۇقىم | ھەر خىل سەرمايىدىكى ئائىلە: جەمئىي | 100 مىليوندىن يۇقىرى | 50 مىليوندىن يۇقىرى | 30 مىليوندىن يۇقىرى | 10 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن يۇقىرى | 5 مىليوندىن تۆۋەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇماقچىلار | 134 | 134 | 25971 | 22952 | 3019 | 16205 | 13504 | 2701 | 134 | — | — | — | 2 | 11 | 121 |
| كىگىزچىلەر | 41 | 41 | 3535 | 2740 | 795 | 2312 | 1781 | 531 | 41 | — | — | — | — | — | 41 |
| كۆنچىلەر | 196 | 203 | 27681 | 25963 | 1718 | 14835 | 13167 | 1668 | 196 | — | — | 1 | 2 | 4 | 189 |
| ۋايۇرۇچىلار | 125 | 131 | 26177 | 23085 | 3092 | 12570 | 10938 | 1632 | 125 | — | — | — | 1 | 12 | 112 |
| موزدۇزلار | 234 | 403 | 25057 | 15926 | 9131 | 9433 | 6211 | 3222 | 234 | — | — | — | 1 | 9 | 224 |
| ماتاچىلار | 64 | 64 | 9717 | 8948 | 769 | 5991 | 5575 | 416 | 64 | — | — | — | — | 2 | 62 |
| چاپانچىلار | 14 | 14 | 3715 | 3569 | 146 | 2410 | 2270 | 140 | 14 | — | — | — | — | 2 | 12 |
| پاختىچىلار | 56 | 56 | 7449 | 6355 | 1094 | 4025 | 3290 | 735 | 56 | — | — | — | — | — | 56 |
| بوياقچىلار | 25 | 25 | 4780 | 3830 | 900 | 4420 | 3620 | 800 | 25 | — | — | — | — | 1 | 24 |
| توقۇمىچىلار | 306 | 306 | 11833 | 6850 | 4983 | 11317 | 7367 | 4450 | 306 | — | — | — | — | — | 306 |
| دورىگەرلەر | 23 | 23 | 14346 | 10975 | 3371 | 2820 | 1880 | 940 | 23 | — | 2 | 2 | 2 | 2 | 15 |
| دوختۇرلار | 10 | 10 | 1550 | 830 | 720 | 355 | 340 | 15 | 10 | — | — | — | — | 1 | 9 |
| ياغاچچىلار | 94 | 199 | 6078 | 1812 | 4266 | 3563 | 1445 | 2118 | 94 | — | — | — | — | — | 94 |
| تامچىلار | 5 | 6 | 595 | 370 | 225 | 286 | 180 | 105 | 5 | — | — | — | — | — | 5 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(1) «يېڭى يول» شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى:
شەھىرىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىن خۇسۇسىيلار سەرمايە چىقىرىپ تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان «يېڭى يول شىركىتى» 1952 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلۇپ، 1956 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر داۋاملاشقان. بۇ شىركەت شەھىرىمىزدىكى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرزات ياقۇپ داموللا ھاجىم باشچىلىقىدا 18 نەپەر تىجارەتچى ئۇيۇشقان شىرىك شىركەت. شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تەستىقلاپ ئەنگە ئالغان.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى: شىركەت باشلىقى ياقۇپ داموللا ھاجىم، مۇئاۋىنى كۇچار ماموتخان. بۇلار شىركەت ئەزالىرى تەرىپىدىن دېموكراتىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق سايلاپ چىقىرىلغان. ئابدۇقېيۇم ھاجى دۇكان مۇدىرى، مەھەممەت سېيىتخان ھاجىم بوغالتىر، ئەھمەتجان تۇرسۇن مال سېتىۋالغۇچى، موللىخان ھاجى، ھاجىۋاي، ئابلاجان خېلىل، مەمەت يۈسۈپ ھاجى، تاش مەمەت، ئابدۇقادىر تاش، روزى بەختى ھاجى، ئىبراھىم ھاجى، ئالىمجان ئاكا، ئابلىمىتجان پازىل، نەبىجان ئاكا، ئابدۇرېھىم ھاجى، يولۋاسخان قاتارلىقلار پىركازچىك بولغان. بۇلارنىڭ قوشقان ئومۇمىي سەرمايىسى 47 مىڭ يۈەن (خەلق پۇلى ھېسابىدا) ئىدى.
شىركەتنىڭ قەشقەر شەھىرىدە مۇقىم ماگىزىن ئورنى بولغاندىن سىرت، يەنە شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قەدەر قاتناپ مال كەلتۈرۈپ سېتىش ئارقىلىق سەرمايىسىنى تېز ئايلاندۇرۇپ، ئوبوروتنى كۆپەيتىپ پايدا ئۇنۇمىنى ئېشۇر

ئۆستۈرگەن. قىلىنغان ئوبوروتتىن دۆلەتكە تاپشۇرغان باج ۋە
تۈرلۈك چىقىملارنى چىقىرىۋېتىپ ئاشقان ساپ پايدىنى قوش-
قان سەرمايىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تەقسىم قىلىشقان
ھەمدە پايدىنىڭ بىر قىسمىنى قولغا ئېلىپ، تۇرمۇشقا ئىش-
لەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمىنى قايتا مەبلەغ قىلىپ سې-
لىپ سەرمايىسىنى كۆپەيتىپ ماڭغان. 1956- يىلى 3- ئايدا
خۇسۇسىي ئىگىلىككە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش
ھەرىكىتى باشلانغاندا، بۇ شىركەت ئەزالىرى ئاكتىپ ئاۋاز
قوشۇپ ئۆزلىرىنىڭ شىركەتتىكى كۆپەيگەن سەرمايىسىنىڭ
ھەممىسىنى مەلۇم قىلغان. ئۇنىڭدىن شەخسىيگە بېرىشكە تې-
گىشلىك مۇئامىلە ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدىكى زۆرۈر بولغان
ئېھتىياجىغا لايىق سوممىنى قولغا قايتۇرۇپ ئالغاندىن باش-
قا، شىركەت بويىچە 114 مىڭ436 يۈەن سەرمايە قوشۇپ گۇڭسى-
خېيىڭ بولۇپ ئۆزگەرگەن. شىركەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزگەر-
تىشكە قوشقان سەرمايىسى كۆپىيىپ ئەسلىدىكى قوشقان سەر-
مايىسىدىن ئىككى يېرىم ھەسسە ئارتۇق بولغان. شىركەتنىڭ
باشقا پاراۋانلىق ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر ياخشى باشقۇرۇلغان.
شىركەت ئەزالىرىمۇ قانۇنغا رىئايە قىلىپ، تىجارەت يۈرۈش-
تۈرۈپ، مۇۋاپىق ئىش ھەققى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈ-
زۈشنى كاپالەتلەندۈرگەن. شىركەت داۋاملىشىپ تۇرغان
مەزگىللەردە پارتىيىمىزنىڭ زايوم سېتىۋېلىش چاقىرىقىنى
ئاكتىپ ھىمايە قىلىپ، شىركەت نامىدىن 25 مىڭ يۈەنلىك
زايوم سېتىۋېلىپ، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى
ئىلگىرىلىتىشكە تۆھپە قوشقان.

(2) «ئىنچىلىق شىركىتى» نىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى:

بۇ شىركەت شەھىرىمىزدىكى ئاتاقلىق ئىجارىچى مەھەممەتخان ھاجى تاجى ھاجىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن 1953- يىلى 3- ئايدا 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن. شىركەتنىڭ ئومۇمىي سەرمايىسى 53 مىڭ 22 يۈەن 54 فۇڭ بولۇپ، ئالدى 11 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، ئاخىرى 1000 يۈەندىن ئارتۇق پاي قوشقان. شىركەت باشلىقلىقىنى مەھەممەتخان ھاجىم، مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى توختى موللا ھاجىم، ئامبارچىلىقىنى ياسىر ھاجىم، بوغالتىرلىقىنى داۋۇت توختى، كاسسىرلىقىنى ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئۆتىگەن. قالغانلىرى پىرىكازچىك بولۇپ. دۇكان ئىچىدە مال سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. شىركەت خۇسۇسىي شىرىكلەشكەن كوللېكتىپ كارخانا بولۇپ، ئىجارەت قىلىشقا شەھەردە مۇقىم بىر ماگىزىن بولغاندىن سىرت، يەنە شىنجاڭ دائىرىسى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قەدەر قاتناپ مال كەلتۈرۈپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەينى چاغدىكى دۆلەت سودىسىنىڭ تولدۇرغۇچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرالغان. شىركەتكە ئۇيۇشقانلار ئازادلىقتىن بۇرۇنمۇ ئىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا سوۋېت تەرەپ بىلەن سودا دوكۋار تۈزۈپ ئىجارەت يۈرۈشتۈرۈپ خېلى مول تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپ، پىشقان ماھىر ئىجارەتچىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا يەنە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللاپ ئەمەلىي مەدەت بېرىشى بولغاچقا سودا ئىجارەت ئىشلىرى ئازغىنا ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: شىركەت يېڭى قۇرۇلغاندا مەھەممەتخانھاجىم 11 مىڭ 761 يۈەن 93 فۇڭ سەرمايە قوشقان بولۇپ، بۇ سەرمايە-

1956-يىلىغا كەلگەندە 25 مىڭ 385 يۈەن 80 فۇڭغا كۆپەيگەن. توختى مۇللا ھاجىم شىركەتكە 8387 يۈەن 39 فۇڭ سەرمايە قوشقان بولۇپ، بۇ، 1956-يىلىغا كەلگەندە 17 مىڭ 886 يۈەن 66 فۇڭغا كۆپەيگەن. باشقا ئەزالارنىڭمۇ سەرمايىلىرى ئۈچ يىل ئىچىدە بىر ھەسسىدىن ئارتۇقراق كۆپەيگەن.

1956-يىلى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا «تىنچلىق شىركىتى» ئۆز ئەزالىرىغا ئوبدان تەربىيە قىلىپ، ئۆزگەرتىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرگەن. كېيىن «تىنچلىق شىركىتى» دىكى ھەسسىدارلار ھېسابىدىكى سەرمايىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، قوشقاندىن سىرت، بەزىلەر يەنە تەكرار سەرمايە قوشقان. شىركەت جەمئىي 124 مىڭ 261 يۈەن 7 فۇڭ سەرمايە بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، ئىلگىرىكى نامىنى ساقلاپ قېلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى تىنچلىق ماگىزىنى قىلىپ تەشكىللەنگەن. شىركەت تەشكىللەنگەن ۋاقىتتا سەرمايىسى 53 مىڭ 22 يۈەن 54 فۇڭ ئىدى. ئۈچ يىل جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ 124 مىڭ 261 يۈەن 7 فۇڭغا كۆپىيىپ بىر يېرىم ھەسسىگە يېقىن ئاشقان.

(3) «بىرلىك شىركىتى» نىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى:

«بىرلىك شىركىتى» 1953-يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان. كىرىم ھاجى دېرىكتور بولغان. ھەسسىدارلار قوشقان ئومۇمىي سەرمايە 54 مىڭ 800 يۈەن. بۇ شىركەت باشلىنىشىدا مۇستەقىل ھېساب ئاچقان. باج ئىدارىسى تەستىقلىغان ئۆلچەملىك ھېسابات دەپتەر ئىشلىتىپ، پۈتۈن كىرىم - چىقىملىرى مالىيە ھېسابات تۈزۈمى بويىچە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ شىركەتنىڭ تىجارەت دائىرىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قەدەر قاتناپ مال تەشكىللەپ كېلىش ئارقىلىق شەھەر ئىچى

ئەنجان رەستەمدىكى بىر ماگىزىننى ئاساس قىلىپ پارچە ۋە توپ باھادا مال سېتىپ چىقىرىپ سودا ئوبوروتىنى ئايمۇ-ئاي كۆپەيتكەن. كىچىككىنە بىر ماگىزىندا بىر كۈندە 5000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا سودا قىلىپ شۇ چاغدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. دۇكان ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئوبوروتىنى كۆپەيتىپ سەرمايىنى ئېيىغا بىر قېتىم ئايلاندۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ شىركەت دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تىجارەت بېجى ۋە تاپاۋەت بېجىنى تولۇق تاپشۇرۇپ شىركەتنىڭ نورمالنى تىجارىتىنى يۈرگۈزگەندىن سىرت 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ «تىنچلىق شىركىتى»، «يېڭى يول شىركىتى» بىلەن بىللە ماي زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا 150 مىڭ 8 يۈەن 21 فۇڭ مەبلەغ تەييارلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا 5558 يۈەنلىك زايوم سېتىۋالغان. چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۈچۈن 3500 يۈەن ئىئانە قىلغان، 2912 يۈەن چىقىم قىلىپ بىر دۇكان ياساتقان.

1956-يىلى 3-ئايدا خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندا، بۇ شىركەتتىكى بارلىق ئەزالار سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ، شىركەت ھېساباتىدىكى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك سەرمايىسىنى تولۇق مەلۇم قىلىش ئارقىلىق شىركەت بويىچە 76 مىڭ 452 يۈەن 30 فۇڭ سەرمايە قوشۇپ، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى بىرلىك ماگىزىنى قىلىنىپ ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن ھاجى ماگىزىن مۇدىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## 2. سودا - سانائەتچى، قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقىتىش

شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى شەھىرىمىزدىكى تىجارەتچى ۋە قول سانائەتچىلەرگە ئەمەلىي مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ

تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش
ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقىتىشنى ئورۇنلاشتۇر-
غان. شەھەر بويىچە 1952 - يىلى 4 - پەسىلدىن تارتىپ
1953 - يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىلگىرى - ئاخىر 242 نەپەر تى-
جارەتچىگە شەھەرلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ كېپىل-
لىكى بىلەن 2 مىليارد 64 مىليون 50 مىڭ دوللار (كونا پۇل بىرلىكى
ھېسابىدا) قەرز پۇل تارقىتىلغان.

1954 - يىلى شەھەردىكى تىجارەتچىلەردىن 648 كىشى-
گە 129 مىڭ 515 يۈەن قەرز بېرىلگەن. شەھەر ئىچىدىكى گۇرۇپ-
پىلىشىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىدىغان 20 گۇرۇپپىدىكى
164 كىشىگە 95 مىڭ 280 يۈەن قەرز بېرىلگەن. شەھەرگە قاراشلىق
يېزا دائىرىسىدىكى 236 ئائىلىلىك قول ھۈنەرۋەنگە
17 مىليون 800 مىڭ دوللار (كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا)
قەرز بېرىلگەن.

1955 - يىلى ئىچىدە 425 ئائىلىلىك تىجارەتچى ۋە
قول سانائەتچىلەرگە 69 مىڭ 385 يۈەن قەرز بېرىلگەن. شەھەر
ئىچىدىكى تۆمۈرچى، ئاياغ كىيىمچى، ماشىنىچى، كۆنچى، تۇ-
ماقچى، سوپۇنچى، خۇسۇسىي دوختۇر، ياغاچچى، زەرگەر، شامچى
قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنلەردىن تەشكىللەنگەن 38 كارخانا،
گۇرۇپپىدىكى 806 ئائىلىگە 1 مىليارد 947 مىليون 950 مىڭ دوللار
(كونا پۇل ھېسابىدا) قەرز بېرىلگەن. بانكىنىڭ قەرز تارقىتىش
ئىشلىرىغا شەھەرلىك پارتكوم ھەر جەھەتتىن مەدەت بەرگەن
ھەم قەرز بېرىلگەن پۇللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا
يېتەكچىلىك قىلىپ، تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەمە-
لىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگەن. شەھەرلىك سودا - سانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرلەشمىسى بىرىلگەن قەرزنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشىگە، ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇلۇشىغا نازارەتچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىغان.

قەرز بىرىلگەندىن كېيىن، تىجارەتچىلەرنىڭ سەرمايەسى كۆپىيىپ، تىجارەت دائىرىسى كېڭىيىپ ئىچكىرى ئۆلكەۋە چوڭ شەھەرلەرگە قەدەر بىرىپ مال كەلتۈرۈپ ساتقان. شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى 1953 - يىلى5 - ئايدا شەھىرىمىزدىكى چوڭ تىجارەتچىلەردىن توققۇز كىشىنى تەشكىللەپ 695 مىليون دوللار ( كونا پۇل ھېسابىدا ) سەرمايە تەييارلىتىپ خوتەندە ئېچىلغان يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇپ ئۇ يەردىن شەھەرىمىزگە باپ كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ماللارنى كەلتۈرگۈزۈپ ئالاھىدە پايدىغا ئىگە قىلدۇرغان. 1953 - يىلى 9 - ئايدا 11 كىشىنى تەشكىللەپ 1 مىليارد 600 مىليون دوللار ( كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا ) سەرمايە تەييارلىتىپ لەنجۇدىكى مال ئالماشتۇرۇش يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرغان، ئۇ يەردىن سانائەت ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىپ شەھىرىمىزدە سېتىپ بىر تەرەپتىن شەھەر خەلقىنى تەمىنلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتكە پايدا يەتكۈزگەن، شەخسىي تىجارەتچىلەرمۇ مەلۇم پايدىغا ئىگە بولغان. سودا - سانائەتچىلەر پارتىيىنىڭ غەمخورلىقى ۋە ئەمەلىي مەدەت بېرىشى ئارقىلىق ھەقىقەتەن باي بولۇشقان. شۇڭا، كەڭ سودا - سانائەتچىلەر پارتىيىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈپ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ 1953 -، 1954 - يىللارنى «ئاسماندىن ئالتۇن ياغقان يىل» دەپ تەرىپلىگەن.

قول سانائەتچىلەرگە قەرز بىرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كوللېكتىپ ئىشلەپ-

چىقىرىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت سودا ئورۇنلىرى ۋە تەمىنلەش سودا كوپىراتىپىنىڭ مال زاكىسىنى قوبۇل قىلغان، ھەر خىل مەھسۇلاتتىن 424 مىڭ 300 يۈەنلىك ئىشلەپچىقارغان. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىمۇ زور دەرىجىدە ئۆسكەن. تارقاق ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىدا قول ھۈنەرۋەنلەر 22 مىليون دوللارلىق (كونا پۇل ھېسابىدا) مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان بولسا، تەشكىللەنگەندىن كېيىن يەنە شۇ ئوخشاش ساندىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 34 مىليون دوللارغا يەتكەن (كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا). يالغۇزلا تۆمۈرچىلىك كوپىراتىپىدىكى 13 ئائىلىنىڭ يىللىق دارامىتى 523 مىليون دوللارغا كۆپىيىپ، ھەر بىر ئائىلىگە 40 مىليون دوللاردىن توغرا كەلگەن (كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا). يەنە، تۆمۈرچىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىككى كوپىراتسىيە ئەزالىرىنىڭ يىللىق دارامىتى 790 مىليون دوللار بولۇپ، ئىككى گۇرۇپپىدىكى ئەزالارنىڭ ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن 18 مىليون دوللاردىن توغرا كەلگەن (كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا). دېمەك كوپىراتسىيىلىشىش ئارقىلىق قول سانائەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىلانغان.

### 3. سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «بەشكە قارشى ھەرىكەت»

1952 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەركەز يوليورۇق چىقىرىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدا «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبا-

رەت « ئۈچكە قارشى تۇرۇش » كۈرىشىنى ئېلىپ باردى
ئارقىدىنلا كاپىتالىستلارغا قارىتا « پارا بېرىشكە قارشى تۇ-
رۇش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىققا قارشى تۇرۇش،
ئىش ھالتىمسىنى قىسقارتىش، خام ئەشيانى ئوغرىلاشقا قار-
شى تۇرۇش، دۆلەت مۈلۈكىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش،
دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش»
تىن ئىبارەت « بەشكە قارشى تۇرۇش » كۈرىشىنى ئېلىپ باردى.

1952 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى ئىچىدە، كونىشە-
ھەر ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە
بەشكە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتا رەھبەرلىك قىلىش
ھەيئىتى قۇرۇلغان. ھەيئەتكە كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتىيە
كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ باۋجيې، ۋىلايەتلىك گوڭئەنچۇنىڭ
جۇيجاڭى ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ ۋە مىللىي قىسىم ھەربىي باش-
قۇرۇش ھەيئىتىدىن ئاشىر، كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆ-
كۈمەت ھاكىمى ياقۇپ ھاجىلار مەسئۇل بولغانىدىن سىرت،
گوڭئەنجۇ، باج ئىدارىسى، گوڭشاڭخۇي قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ
مەسئۇللىرى ھەم مۇستەقىل تىجارەتچىلەردىن ۋەكىل قاتناش-
قان. ھەيئەتلەر كاتىبات، تەشۋىق - تەربىيە، تەكشۈرۈپ ئې-
نىقلاش، مالىيە قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە كونكرېتنى خىزمەت
تەقسىم قىلىشقان.

« بەشكە قارشى تۇرۇش » ئۆگىنىشىگە سودا - سانائەت-
چىلەرنىڭ 23 كەسىپتىن جەمئىي 3333 كىشى قاتنىشىپ، كەسىپ-
لەر بويىچە تەشكىللەنگەن 23 چوڭ گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان.

شەھەر ئىچىدە بۇ ھەرىكەتنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن
ئالدى بىلەن، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى ئومۇمىي سودا-

سانائەتچىلەر بىلەن بىر نەچچە قېتىملاپ چوڭ يىغىن ئاچ-
قان. «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ
ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ھەققىدە جۇ باۋجيې شۇجى ۋە ھەربىي باشقۇ-
رۇش ھەيئىتى پارتىيە كومىتېتىدىن ئاشىر قاتارلىقلار «بەش
زەھەرگە قارشى تۇرۇش» نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ،
كۆپچىلىكنى ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان. ھەرىكەتكە
يېتەكچىلىك قىلىشتا، ھەيئەت ئەزالىرى ئالدىن ئۆگىنىشنى
يولغا قويۇپ، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ ئەھ-
مىيىتى، مەقسىتى، نىشانى ۋە ھەل قىلىدىغان مەسىلە قاتار-
لىقلارنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ تولۇق
قاتناشقان. يەنە 23 چوڭ گۇرۇپپا بويىچە رەھبەرلىك قىلغۇ-
چىلارنى يېتەكلەپ، قەدەملىك، باسقۇچلۇق ھالدا ھەرىكەتنى
ساغلام چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۆگىنىشكە قاتناشقان سودا - سا-
نائەتچىلەر، كەسىپدارلار ئۆزلىرىنىڭ 1950-، 1951- يىللىرى
ئىچىدىكى تىجارەت ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىنى «بەش
زەھەر» گە تەدبىقلاپ سۆزلىگەن، باشقىلارنى پاش قىلغان،
ئۆزىنى سۆزلەش، باشقىلار پاش قىلىش، ئىنچىكە ھېسابات قى-
لىش ۋە ئېنىقلاپ چىقىش ئارقىلىق، قانۇنغا سېلىشتۇرۇپ
«قانۇنغا رىئايە قىلغانلار»، «ئاساسىي جەھەتتىن قانۇن-
غا رىئايە قىلغانلار»، «يېرىم قانۇنسىز»، «قاتتىق قانۇن-
سىز» دېگەن تۆت تۈر بويىچە باھالاپ پەرقلەندۈرۈپ
خۇلاسە قىلىنغان.

«بەشكە قارشى تۇرۇش» تا تەكشى ئېنىق-
لانغان 1950-، 1951- ئىككى يىللىق ئومۇمىي ئوبوروت قىممىتى
7 مىليارد 429 مىليون 618 مىڭ 706 دوللار (كونا

پۇل بەرلەكى ھېسابىدا)، بۇنىڭدىن 1135 كىشىنىڭ ئېنىقلانغان ئومۇمىي پۇلى 54 مىليون 56 مىڭ 970 دوللار، بۇنى قانۇنغا رىئايە قىلىپ تاپقان ھالال مېھنەت مېۋىسى دەپ قارىغان، 1748 كىشىنىڭ ئېنىقلانغان 3 مىليارد 58 مىليون 235 مىڭ 837 دوللار پۇلىنى ئاساسىي جەھەتتىن قانۇنلۇق تاپقان ھالال مېھنەت مېۋىسى دەپ قارىغان، 431 كىشىنىڭ ئېنىقلانغان ئومۇمىي پۇلى 3 مىليارد 537 مىليون 524 مىڭ 949 دوللار بولۇپ، بۇنىڭ خاراكتېرىنى يېرىم قانۇنسىز دەپ بېكىتىپ «بەش زەھەر» گە ئائىت بولغان بىر قىسمىنى دۆلەت خەزىنىسىگە قايتۇرغان. يەنە 19 كىشىنىڭ ئېنىقلاپ بېكىتىلگەن ئومۇمىي پۇلى 76 مىليون 980 مىڭ 95 دوللار بولۇپ، بۇنىڭ خاراكتېرىنى قاتتىق قانۇنسىز دەپ بېكىتىپ ئۇلارنىڭ زىيىنىغا چۈشكەن زاك پۇلىنى تولۇق ھالدا دۆلەت خەزىنىسىگە قايتۇرغۇزغان.

ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى بۇ ھەرىكەتكە دادىل يېتەكچىلىك قىلىپ پىلانى، تەشكىلىي، باسقۇچلۇق بولغان ئاساستا ئاممىۋى لۇشيەن بويىچە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ھەرىكەت ساغلام ئېلىپ بېرىلغان ھەم نەتىجىلىك بولغان. يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىمۇ كەڭ سودا - ساناەتچىلەر ئەمەلىي تەربىيىگە ئېرىشكەن. قانۇن، سىياسەتلەرگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېڭى تىجارەت ئىستىلىنى تۇرغۇزغان.

## 4. ئەقىلغا مۇۋاپىق باجنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدىكى باج تاپشۇرۇش ئەھۋالى

كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان « بەشكە قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي

تەربىيەسى ئارقىلىق كەڭ سودا - سانائەتچىلەر دۆلەتكە
تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان باج كىرىمىنى تولۇق تاپشۇ-
رۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇغانىدى. ناھىيىلىك
پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يالغۇز داۋاملىق باج سىياسىتىنى
تەشۋىق قىلىپلا قالماي، يەنە جانلىق تەدبىر قوللىنىپ،
ئىلگىرىكى نامۇۋاپىق باج سېلىقلىرىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاش-
تۇردى. بىر بۆلۈك سودا-سانائەتچىلەرنىڭ بېجىنى ئالتە ئاي
كەچۈرۈم قىلىپ، ئېغىرچىلىقىنى يەڭگىللەتتى. بۇنىڭ بىلەن
سودا - سانائەتچىلەرنىڭ باج تاپشۇرۇش ئاكتىپلىقى ئۇس-
تىگە ئاكتىپلىقى قوزغالدى. دۆلەت بېجىنى تولۇق تاپشۇرۇش-
قا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سودا - سانائەت
بىرلەشمىسى ئىچىدىكى مۆتىۋەر زاتلارنى تەشكىللەپ مەخسۇس
يېتەكچىلىك ھەيئىتى قۇرۇپ، ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز
ئۆزىنى ھەرىكەت قىلدۇرۇش، ئۆز ئارا باج باھالاش، كە-
سىپلەر بويىچە دولقۇن كۆتۈرۈپ باج تاپشۇرۇش، خىزمەت
كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش، جاھىللىق قىلغۇچىلارغا تەنقىد-
تەربىيە بېرىپ تۈزىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ باج
كىرىم خىزمىتىگە پۈتۈن سودا - سانائەتچىلەرنى تولۇق
قاتناشتۇرغان. 1955 - يىلىدىكى ستاتىستىكىنى ئالغاندا باج
تۆلەشكە تېگىشلىك سودا - سانائەتچىلەر 3200 ئائىلە بو-
لۇپ، بۇلارنىڭ يىللىق ئوبوروتى 12 مىليون 673 مىڭ 806 يۈەن، بۇ-
نىڭغا 3 پىرسەنتتىن باج ھېسابلاپ 633 مىڭ 690 يۈەن 30 فوڭ باج
تاپشۇرۇلغان. باج تاپشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى-
نىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق ئوبوروت يوشۇرۇش، باج قاچۇرۇش
قاتارلىق ئىشلارنى چوڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، بىر بۆلۈك كە-

شىلەرنىڭ كەم تاپشۇرغان 649 مىليون 55 مىڭ 500 دوللار (كونا پۇل بىرلىكى ھېسابىدا) بېجىنى قايتىدىن تولۇقلاپ تاپشۇرۇپ دۆلەت خەزىنىسىگە كىرىم قىلىنغان. سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك باج تاپشۇرۇش ھەرىكىتى شەھەر بويىچە ئالاھىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان يۇقىرى پائالىيەت بولغاچقا كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكوم ئايرىم-ئايرىم ھالدا سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋە باج تاپشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەتلىرىگە ھەم خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە لەۋھە تەقدىم قىلغان، مۇكاپات بەرگەن.

## 5. بىرىنچى نۆۋەتلىك سودا-سانائەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشى، كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

(1) سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ 1-قېتىملىق ئەزا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى.

يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەھىرىمىزدە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز تەشكىلى بولغان سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەزا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ يېڭى تەشكىلىي ئاپپاراتنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئەزا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك

ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن 1954 - يىلى 4 - ئايدا
خەلق كۇلۇبىدا ئېچىلغان، قۇرۇلتايغا جەمئىي 124 ۋەكىل
قاتناشقان. سايلام ئارقىلىق 35 نەپەر ئىجرائىيە ھەيئەت،
13 نەپەر دائىمىي ھەيئەت، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋۇ-
جۇدقا كەلگەن. ئىسرائىلجان شائىزۇك مۇدىر، تۇردىھاجىم،
قۇرسۇن توختىلار مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ سايلانغان: قۇرۇل-
تايغا قەشقەر يەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈم مەسئۇل-
لىرى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرىدىن دۇڭچۇەنلىن.
لى چۇنفاڭ، ھوشۇرۇپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئابدۇرېھىم
لېتىپ سىجاڭ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتنىشىپ قۇرۇلتايىنىڭ
غەلىبىلىك چاقىرىلىشىنى تەبرىكلىگەن ھەم مۇھىم يولىيورۇقلارنى
بەرگەن. دۇڭ شۇجى سۆز قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ سودا-سا-
نائەتچىلەرگە قىلغان غەمخورلىقى، بەرگەن مەدەتلىرىنى
ئالاھىدە تىلغا ئالغان. سودا-سانائەتچىلەردىن ئۆزىنىڭ
ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، پارتىيىنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ، پارتىيىگە داۋاملىق ئەگىشىپ مېڭىشنى تە-
لەپ قىلغان، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا سانائەتچىلەرنىڭ
ئىستىقباللىق پارلاق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.
شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى ئابدۇرېھىم لېتىپ سىجاڭمۇ
سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ خاراكتېرى، رولى ۋە ۋەزى-
پىسى، سودا-سانائەتچىلەرنى كەسىپ تۈرى بويىچە تەشكىللەپ
كەسىپداشلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش-
نىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلغان. سودا-سانائەت-
چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1- نۆۋەتلىك ئەزا ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى
ئېچىلغاندىن كېيىن، كەڭ سودا-سانائەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە

بولغان ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. يېڭى سودا-سانائەت بىرلەشمىسى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنى كەڭ سودا-سانائەتچىلەرگە تەشۋىق قىلدى. سودا-سانائەتچىلەرنىڭ پىكىر-ئىنكاسى، تەلەپلىرىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت بىلەن سودا-سانائەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(2) كەسپداشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

پارتىيىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە دەۋەت بېرىشى ئاستىدا سايلام بويىچە شەھەرلىك سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ باش ئاپپاراتى يېنىدا تەشكىلىي خىزمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، شەھىرىمىزدىكى خۇسۇسىي سودا-سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، 147 تۈردىكى كەسپنى خاراكتېرى بىر-بىرىگە ماسلاشقان 24 كەسپكە بىرلەشتۈرۈپ كەسپداشلار جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېڭى تەشكىللەنگەن كەسپىي جەمئىيەتلەر: گەزماللىچىلار، رەڭ-دورىچىلار، يول تىجارەتچىلىرى، رەختچىلەر، مەيدە ماللىچىلار، ھاراق-تاماكىچىلار، توقۇلما بوياقچىلار، سەگەزچىلەر، دوپپا-تۇماقچىلار، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مىللىي ماللىچىلار، تۆمۈرچىلەر، باققاللار، ترانسپورتچىلار، قاسساپلار، يېمەك-ئىچمەك كەسپىتىكىلەر، ياغاچچىلار، رەڭۋەندىلەر، زەرگەرلەر، ياغچىلار، سارايۋەن-

لەر، ساتىراچ قاتارلىقلار. يەنە، يېڭىشەھەر بازار رايونلۇق كەسىپچى جەمئىيىتى، سەمەن، قوغان رايونلۇق كەسىپچى جەمئىيەتلەر بولۇپ جەمئىي 24 ئاساسىي قاتلام كەسىپداشلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت. ھەر بىر كەسىپداشلار جەمئىيىتىنىڭ بەشتىن 11 گە قەدەر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جۇرىن، فۇجۇرىنلار شەكىللەنگەن. يەنە شەھەرلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسى شىنتا تىمدا بىر نەپەردىن كادىرنى كاتىپلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتۈرگەن. كەسىپداشلار جەمئىيىتى ئۇنىۋېرسال خىزمەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كەسىپ ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشتە چوڭ رول ئوينىغان.

## 6. سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىكى ئوينىغان رولى

(1) 1949 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەرگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كىرىدىغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت بىرلەشمىسى ئۆز ئەزالىرىنى تەشكىللەپ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، لوزۇنكا تەييارلاپ، داقا-دۇمباق چېلىشىپ ئايرودرومغىچە ئالدىغا چىقىپ خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن قارشى ئالغان. ھەربىي ۋەكىللەر سودا-سانائەتچىلەر بىلەن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش چوڭ يىغىنلىرىنى ئاچقاندا سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلققە رەھبەر قوشۇن ئىكەنلىكىنى، قورچاق گومىنداڭ ئەسكەر-

لىردىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مىساللار ئارقىلىق سۆزلىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، يېڭى خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

(2) پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە 1950 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان باۋجا سىستېمىسىنى ئاغدۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، ئاساسىي قاتلام خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى سودا-سانائەتچىلەر پارتىيىگە ئەگىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇردى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان بىر قىسىم مۇتىۋەر زاتلار ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

(3) ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىچكى-تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسىنى قوشتى.

(4) سودا - سانائەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ۋەزىيەت تەربىيىسى قاتارلىق ئۆگىنىشكە بولغان

قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولدى. 1952-يىل بىر يىل ئىچىدىلا سودا-
سانائەتچىلەردىن 445 كىشى «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزى-
تى» گە مۇشتەرى بولۇپ، دۇكان ۋە ئائىلىلەر بويىچە گېزىت
ئوقۇش - ساۋات چىقىرىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىگەن.
بۇنداق گۇرۇپپىغا قاتناشقانلار شۇ چاغدىكى ساۋاتلىق بول-
غان سودا - سانائەتچىلەرنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

(5) كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئىجارە كېمەيتىش، يەر
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش يېتەكچىلىك ھەيئىتىگە مۆتىۋەر
سودا - سانائەتچىلەردىن مەھەممەتخان ھاجىم، قادىربەگ ھاجى،
قاسىم ھاجى، مەتقۇربان ھاجى، ئىمىن ھاجىم، ئەيسىرا جىم،
ھۆسىنتىللا ھاجىم، ئىبراھىم ئاخۇن ئۇستام قاتارلىقلارنى
ھەيئەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇلار ئارقىلىق، يېزىلاردىكى
يۇقىرى قاتلام كىشىلەرگە ۋە شەھەردىكى سودا - سانائەت-
چىلەرگە پارتىيىنىڭ ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئې-
لىپ بېرىش، سىياسىتى ھەم سودا - سانائەتچىلەرگە قارىتا
ئېتىبار بېرىش سودا - سانائەتنى قوغداش سىياسەتلىرى
تەشۋىق قىلدۇرۇلدى. بۇلار ئارقىلىق كەڭ سودا - سانا-
ئەتچىلەرگە پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاكجېنلىرىغا بولغان قا-
راشىنى توغرىلاپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنقىلابىي ھەرى-
كەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش، بۇرژۇئازىچىلىقتىن ساقلىنىش،
قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك، ئىگىلىگەن يەر، مال - مۈلۈك-
لەرنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، ھېساب بېرىشكە تېگىشلىك ئەھ-

ۋاللاردا كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ياۋاشلىق بىلەن باش
ئېگىپ، ئەقىلىي ھېساب بېرىش، ئىجارە ھەققىنى قايتۇ-
رۇشتا ئۈلگىلىك رول ئويناش ھەققىدە بىر قاتار تەربىيە
خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، شەھىرىمىز دائىرىسىدە ئېلىپ بې-
رىلغان ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ
ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(6) شەھىرىمىزدىكى پۈتۈن سودا - سانائەتچىلەر
پارتىيىمىزنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە يار-
دەم بېرىش سەپەرۋەرلىكىگە مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي جە-
ھەتلەردە قىزغىن ئاۋاز قوشتى. شەھىرىمىزدىكى سودا-سا-
نائەتچىلەر ئاكتىپ ھالدا قىزغىنلىق بىلەن 14 مىڭ 686 سەر
تەڭگە، 78 مىڭ 341 يۈەن قىممىتىدە ئالتۇن، يامبۇ، مال-مۈلۈك
ۋە نەقپۇل ئىئانە قىلغان. بۇ سان پۈتۈن شەھەر بويىچە
قىلىنغان ئومۇمىي ئىئانە سوممىسىنىڭ 80 پىرسەنتىن كۆپ-
رەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق كەڭ سودا-سانا-
ئەتچىلىرىمىز ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم
بېرىشتە ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەمەلىي ھەرى-
كىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

(7) شەھىرىمىزدىكى سودا - سانائەتچىلەر پارتىيە-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى سېتىۋېلىش چاقىرى-
قىغا قىزغىن ئەمەلىي ئاۋاز قوشۇپ، دۆلەتنىڭ سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان. سەپەر-

ۋەرلىك دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار زايوم سېتىۋېلىشنىڭ دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ۋە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولىدىغان پايدا- مەنپەئەتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئاڭلىق ھالدا پائال ھەرىكەتكە كەلگەن. 1950-، 1954-، 1955-، 1956- يىلى تۆت يىل ئىچىدە 2003 نەپەر سودا - سانائەتچى ئاكتىپلىق بىلەن زايوم سېتىۋالغان. 1950 - يىلىدىكى غالىبىيەت زايومى ۋە 1954 - يىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىدىن بولۇپ سودا - سانائەتچىلەرگە بېرىلگەن 429 مىليون دوللارلىق ۋەزىپىنى ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 10 مىليون 340 مىڭ دوللار (كونا پۇل قىممىتىدە) ئورۇنلاپ، 2.35 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەن. 1955 - يىللىق زايوم سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 48 مىڭ يۈەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە 65 مىڭ 323 يۈەنلىك سېتىۋېلىپ 36% ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان. 1956 - يىلى 43 مىڭ 234 يۈەنلىك زايوم سېتىۋالغان. سودا- سانائەتچىلەرنىڭ پارتىيىمىزنىڭ زايوم سېتىش جەھەتتىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سېتىۋالغان زايومى شەھەرگە بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ چوڭ سالمىقىنى ئىگىلىگەن.

# Ⅲ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

## 1. قەشقەر شەھىرىنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى سودا ـ سانائەتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى (3 ـ جەدۋەلگە قارالسۇن)

3 ـ جەدۋەل 1 ـ بەت

قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئاساسىي ئەھۋالىنىڭ كەسپىي جەمئىيەت بويىچە كۆرسىتىلىشى (يىغما جەدۋەل) 1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

| رەت نومۇرى | كەسپىي جەمئىيەت ئەھۋالى: جەمئىيەت باشلىقى | كەسپىي جەمئىيەت ئەھۋالى: جەمئىيەت ئىسمى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: ئائىلە سانى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: ئىشچىسى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: خىزمەتچىسى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: شاگىرتى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: جەمئىي ئادەم سانى | سەرمايىسى: ھەرىكەتچان سەرمايىسى (يۈەن) | سەرمايىسى: مۇقىم سەرمايىسى (يۈەن) | سەرمايىسى: جەمئىي سەرمايىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مەمەتخان ھاجىم، توختى موللام | تىنچلىق شىركىتى | 12 | 5 | 2 | | 19 | 73022 | 5000 | 78022 |
| 2 | ياقۇپ داموللام | يېڭى يول شىركىتى | 18 | 6 | 3 | | 27 | 114436 | 25000 | 139436 |
| 3 | كېرىم ھاجىم | بىرلىك شىركىتى | 12 | 4 | 6 | | 22 | 91450 | 10000 | 101450 |
| 4 | مەتقۇناجىم | تىللا سارىيى | 1 | 10 | 5 | 2 | 18 | 40000 | 26000 | 66000 |
| 5 | قاسىم ھاجىم | پىچاق سارىيى | 2 | 6 | 3 | 1 | 12 | 25000 | 5000 | 30000 |
| 6 | قادىر بىگاجىم | قادىر بىگاجى ئىشخانىسى | 1 | 200 | 10 | 100 | 311 | 30000 | 20000 | 50000 |
| 7 | ئوبۇل جۇمە | ترانسپورتچىلار جەمئىيىتى | 116 | 44 | 59 | 17 | 236 | 5500 | 64980 | 70480 |
| 8 | تۇرسۇن توختى | دورقۇلما بوياقچى جەمئىيىتى | 107 | 20 | 3 | 1 | 131 | 11448 | 5139 | 16587 |
| 9 | مەھەممەت ھاجىم | ئاياغ كىيىم كەسىپ جەمئىيىتى | 371 | 20 | | 28 | 419 | 26497 | 9498 | 35995 |
| 10 | قادىر ئاخۇن | تۆمۈرچىلەر كەسىپ جەمئىيىتى | 389 | 134 | 4 | 127 | 654 | 14425 | 26013 | 40438 |
| 11 | نىياز موللام | مارايىۋەنلەر كەسىپ جەمئىيىتى | 185 | 37 | 5 | | 227 | 62447 | 69286 | 131733 |
| 12 | ئوبۇلقاسىم ھاجىم | ماشىنىچىلار كەسىپ جەمئىيىتى | 399 | 207 | 7 | 300 | 913 | 33093 | 171321 | 204414 |
| 13 | ئىمىنجان | ئىسلاھ ماتېرىياللىچىلار جەمئىيىتى | 167 | 79 | 8 | 63 | 317 | 33056 | 12171 | 45227 |
| 14 | ئىبراھىم تاش | ياغاچچىلار كەسىپ جەمئىيىتى | 76 | 18 | 4 | 23 | 121 | 20894 | 6816 | 27710 |
| 15 | قۇربان جۇرەن | قاسساپلار كەسىپ جەمئىيىتى | 181 | 12 | | 15 | 208 | 57860 | 9409 | 67269 |
| 16 | ئابلىزخان زەرگەر | خىزمەت ئۆتەش كەسىپ جەمئىيىتى | 228 | 33 | | 68 | 329 | 34099 | 34289 | 68388 |
| 17 | ئەمەتخان تۇردى | دوپپا، تۇماقچى كەسىپ جەمئىيىتى | 298 | | | 28 | 326 | 74374 | 12186 | 86560 |

3 ـ جەدۋەل 2 ـ بەت — 1956 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

| جەمئىي سەرمايىسى (يۈەن) | مۇقىم سەرمايىسى (يۈەن) | ھەرىكەتلىنىش سەرمايىسى (يۈەن) | جەمئىي ئادەم سانى | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | ئائىلە سانى | جەمئىيەت ئىسمى | جەمئىيەت باشلىقى | رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەرمايىسى | | | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | | كەسىپي جەمئىيەت ئەھۋالى | | |
| 215505 | 119451 | 96054 | 1788 | 300 | 28 | 640 | 819 | يىپەك ـ ئىچمەك كەسىپ جەمئىيىتى | ئەزىزجان، ئابلىز چولاق | 18 |
| 903239 | 53628 | 849611 | 302 | | 16 | 19 | 267 | گەزمالچى، يەرلىك ماللار جەمئىيىتى | ئىمىن ھاجىم | 19 |
| 357375 | 23523 | 333852 | 412 | 18 | 9 | 19 | 366 | رەڭ، دورىۋاچىلار | تۆرەخان | 20 |
| 581430 | 10000 | 571430 | 232 | | | 40 | 192 | يول تىجارەتچىلەر كەسىپ جەمئىيىتى | مەھەممەتخان ھاجىم، توختى موللام | 21 |
| 3317258 | 718710 | 2598548 | 7023 | 1091 | 172 | 1553 | 4207 | جەمئىي | | |

قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئاساسىي ئەھۋالىنىڭ كەسىپي جەمئىيەت بويىچە كۆرسىتىلىشى (تەپسىلىي جەدۋەل) 1956 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

| جەمئىي (يۈەن) | مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | ھەرىكەتلىنىش مەبلىغى (يۈەن) | جەمئىي ئادەم | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | جەمئىيەت نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەرمايىسى | | | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تۈرى | | | | | | كەسىپي جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | |
| 464908 | 91900 | 373908 | 405 | 103 | 25 | 231 | 46 | كىچىك جەمئىي | | [illegible] |
| 78022 | 5000 | 73022 | 19 | — | 2 | 5 | 12 | تىنچلىق شىركىتى | مەمەتخان ھاجىم | |
| 139436 | 25000 | 114436 | 27 | — | 3 | 6 | 18 | يېڭى يول شىركىتى | ياقۇپ داموللام | |
| 101450 | 10000 | 91450 | 18 | | 6 | 4 | 12 | بىرلىك شىركىتى | كېرىم ھاجىم | |
| 66000 | 26000 | 40010 | 18 | 2 | 5 | 10 | 1 | تىللا سارىيى | مەتقۇربان ھاجىم | |
| 30000 | 5000 | 25000 | 12 | 1 | 3 | 6 | 2 | پىچاق سارىيى | قاسىم ھاجىم | |
| 50000 | 20000 | 30000 | 311 | 100 | 10 | 200 | 1 | قادىر بىگاجى ئىشخانىسى | قادىر بىگاجىم | |

| كەسپچى جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | | كەسپلەر تۈرى | ئائىلە سانى | كەسپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | سەرمايىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىيەت نامى | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | | | ئىشچىسى | خىزمەتچىسى | شاگىرتى | جەمئىي ئادەم | ھەرىكەتچان سەرمايە (يۈەن) | مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | جەمئىي (يۈەن) |
| ترانسپورت جەمئىيىتى | ئوبۇل جۇمە | كىچىك جەمئىي | 116 | 44 | 59 | 17 | 236 | 5500 | 64980 | 70480 |
| | | ھارۋىكەشلەر | 108 | 20 | 39 | — | 167 | | 34020 | 34020 |
| | | تۆگىچىلەر | 8 | 24 | 20 | 17 | 69 | 5500 | 30900 | 36400 |
| توقۇلما، بوياقچىلار جەمئىيىتى | تۇرسۇن تۇختى | كىچىك جەمئىي | 107 | 20 | 3 | 1 | 131 | 11448 | 5139 | 16587 |
| | | سەگەزچى | 41 | 15 | 3 | — | 59 | 8814.50 | 975 | 9789.50 |
| | | ئەگلەكچى | 10 | | | | 10 | 425 | 320 | 745 |
| | | بەقسەم توقۇغۇچى | 1 | | | | 1 | 120 | 90 | 210 |
| | | بوياقچى | 9 | 2 | | | 11 | 666 | 990 | 1656 |
| | | توقۇمىچىلار | 44 | | | | 44 | 1394 | 1699 | 3087 |
| | | پاختا زاۋۇتلۇق ئائىلە | 1 | 3 | | | 4 | — | 1000 | 1000 |
| | | پاختا ئاتقۇچى | 1 | | | 1 | 2 | 30 | 70 | 100 |
| | | كىچىك جەمئىي | 371 | 20 | | 28 | 419 | 26497 | 9498 | 35995 |
| ئاياغ كىيىم كەسپچى جەمئىيىتى | مەھەممەت ھاجىم | ۋاپۇرۇشلار | 62 | | | | 62 | 8130 | 1549 | 9679 |
| | | رەختچى (كۆن-خۇرۇمچى) | 18 | 1 | | | 19 | 4100 | 110 | 4210 |
| | | ئات جابدۇقچى | 20 | 5 | | 5 | 30 | 2867 | 1420 | 4287 |
| | | مۆزدۇزلار | 254 | 12 | | 22 | 288 | 10166 | 6008 | 16174 |
| | | سىرەمچى | 9 | 1 | | 1 | 11 | 940 | 271 | 1211 |
| | | قېلىپچى | 8 | 1 | | | 9 | 294 | 140 | 434 |

| كەسىپى جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | | كەسىپلەر تۈرى | ئائىلە سانى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | سەرمايىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىيەت نامى | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | | | ئىشچىسى | خىزمەتچىسى | شاگىرتى | جەمئىي ئادەم | ھەرىكەتلىك سەرمايە (يۈەن) | ئۆز قىمىم سەرمايە (يۈەن) | جەمئىي (يۈەن) |
| | | كىچىك جەمئىي | 389 | 134 | 4 | 127 | 654 | 14425 | 26013 | 40438 |
| تۆمۈرچىلەر كەسىپ جەمئىيىتى | قادىر ئاخۇن ئۇستام | تۆمۈرچىلەر | 86 | 25 | | 42 | 153 | 3850 | 10474 | 14324 |
| | | تاقىچىلار | 19 | 21 | | 19 | 59 | 1161 | 1638 | 2799 |
| | | مىسكەرلەر | 33 | 13 | | 16 | 62 | 1975 | 4762 | 6737 |
| | | رېمونتچىلار | 77 | 38 | 1 | 4 | 120 | 2029 | 4415 | 6444 |
| | | مەشچىلەر | 42 | 1 | | 5 | 48 | 1925 | 1426 | 3351 |
| | | تامچىلار | 31 | 12 | | 4 | 47 | 1145 | 1174 | 2319 |
| | | قۇلۇپسازلار | 73 | 11 | | 22 | 106 | 1215 | 1760 | 2975 |
| | | قازان ئىشلىگۈچى | 15 | 10 | | 15 | 40 | 375 | 355 | 730 |
| | | قازان ساتقۇچى | 13 | 3 | 3 | | 19 | 750 | 9 | 759 |
| ماشىنىچىلار جەمئىيىتى | ئوبۇلقاسىم ھاجىم | ماشىنىچىلار | 399 | 207 | 7 | 300 | 917 | 33093 | 171321 | 204414 |
| بارايۇەنلەر جەمئىيىتى | نىياز موللام | بارايۇەنلەر | 185 | 37 | 5 | | 227 | 62447 | 69286 | 131673 |

| سەرمايىسى | | | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | كەمبىغەل جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي (يۈەن) | مۇقىم سەرمايىسى (يۈەن) | ھەرىكەتلىنىشچان سەرمايىسى (يۈەن) | جەمئىي ئادەم | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | | | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | جەمئىيەت نامى |
| 45227 | 12171 | 33056 | 317 | 63 | 8 | 79 | 167 | كىچىك جەمئىي | | |
| 5897 | 2857 | 340 | 109 | 32 | | 19 | 58 | ياغاچچىلار | ئىمىنجان | ئىسلاھ ماتېرىياللچىلار جەمئىيىتى |
| 6020 | 2670 | 3350 | 57 | 18 | 5 | 27 | 5 | پىشىق خىشچى | | |
| 1624 | 874 | 750 | 44 | 5 | 3 | 18 | 18 | تاۋاقچى، خۇمدانچى | | |
| 1225 | 270 | 955 | 17 | 8 | | 2 | 7 | ...رچىلار | | |
| 27694 | 3635 | 24049 | 67 | | | 11 | 56 | ياغاچ پۈرۈش | | |
| 2775 | 1865 | 910 | 23 | | | | 23 | تاۋاق، كوزا ساتقۇچى | | |
| 27710 | 6816 | 20894 | 121 | 23 | 4 | 18 | 76 | كىچىك جەمئىي | | |
| 6815 | 1360 | 5455 | 30 | | | | 30 | سۈيىپغەچى | ئىبراھىم تاش | ياغچىلار كەسىپى جەمئىيىتى |
| 925 | 275 | 650 | 10 | | | | 10 | كىرسىن ساتقۇچى | | |
| 225 | 20 | 205 | 2 | | | | 2 | سوپۇن ساتقۇچى | | |
| 2012 | 762 | 1250 | 15 | 3 | | 5 | 7 | شام ياسىغۇچى | | |
| 12444 | 1099 | 11344 | 34 | 12 | 3 | 5 | 14 | سوپۇن ياسىغۇچى | | |
| 2700 | 850 | 1850 | 7 | 3 | [illegible] | | 3 | كىرسىنچى | | |
| 70 | 30 | 40 | 9 | 2 | | 6 | 1 | موم ياسىغۇچى | | |
| 2520 | 2420 | 100 | 14 | 3 | | 2 | 9 | جۇۋازچى | | |
| 67264 | 9409 | 57860 | 208 | 15 | | 12 | 181 | قاسساپلار | قۇربان جۇرىن | قاسساپلار جەمئىيىتى |

3 ـ جەدۋەل 6 ـ بەت

| سەرمايىسى: جەمئىي (يۈەن) | سەرمايىسى: مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | سەرمايىسى: ھەرىكەتلىنىدىغان سەرمايە (يۈەن) | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: جەمئىي ئادەم | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: شاگىرتى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: خىزمەتچىسى | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: ئىشچىسى | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | كەسىپىي جەمئىيەتلەر ئەھۋالى: جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | كەسىپىي جەمئىيەتلەر ئەھۋالى: جەمئىيەت نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 68388 | 34289 | 34099 | 329 | 68 | | 33 | 228 | كىچىك جەمئىي | | |
| 11432 | 3992 | 7440 | 100 | 8 | | 8 | 84 | زەرگەرلەر | ئابلىزخان | خىزمەت ئۆتەش كەسىپىي جەمئىيىتى |
| 16507 | 4964 | 11543 | 35 | 5 | | 5 | 25 | دوختۇر ـ تېۋىپلار | ئابدۇكېرىم ئاخۇن | |
| 9390 | 5393 | 3997 | 16 | 6 | | 3 | 7 | چىش دوختۇرلىرى | | |
| 11600 | 5915 | 5685 | 24 | 9 | | 6 | 9 | مۇرەتچى | | |
| 698 | 488 | 210 | 7 | 3 | | 2 | 2 | ساز ياسىغۇچى | | |
| 3852 | 2002 | 1850 | 11 | 2 | | | 9 | سائەتچى | | |
| 7762 | 6924 | 838 | 14 | 2 | | 6 | 6 | مۇنچا مەرراپچى | | |
| 430 | 176 | 253 | 5 | | | 3 | 2 | كىرچى | | |
| 1380 | 610 | 770 | 9 | 3 | | | 6 | ئەينەكچى | | |
| 5193 | 3740 | 1453 | 104 | 30 | | | 74 | ساتىراش | | |
| 145 | 85 | 60 | 4 | | | | 4 | ئويمىچى | | |

| سەرمايىسى: جەمئىي (يۈەن) | مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | ھەرىكەتلىنىدىغان سەرمايە (يۈەن) | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: جەمئىي ئادەم | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | كەسىپى جەمئىيەتلەر ئەھۋالى: جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | جەمئىيەت نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 86560 | 12186 | 74374 | 326 | 28 | | | 298 | كىچىك جەمئىي | | |
| 21783 | 2993 | 18790 | 67 | | | | 67 | دوپپا ساتقۇچى | ئەمەتخان تۇردى | دوپپا، تىزما تىكچىلار جەمئىيىتى |
| 51525 | 7185 | 44340 | 198 | 17 | | | 181 | تۇماق تىككۈچىلەر | | |
| 7980 | 970 | 7010 | 24 | 5 | | | 19 | يىپەك ئىشلىگۈچىلەر | | |
| 1372 | 788 | 584 | 19 | 1 | | | 18 | توقۇمچى | | |
| 2330 | 130 | 2200 | 9 | 3 | | | 6 | جۇۋۇچى | | |
| 185 | 25 | 160 | 4 | 2 | | | 2 | كىگىزچى | | |
| 1125 | 75 | 1050 | 5 | | | | 5 | كىگىز پۇرۇش | | |
| 215505 | 119451 | 95054 | 1798 | 300 | 28 | 640 | 819 | كىچىك جەمئىي | | |
| 9172 | 1908 | 7264 | 120 | 15 | | | 105 | باققاللار | ئىززەتجان | يىپەك ـ ئىچىنەك يايمىچىلار جەمئىيىتى |
| 4350 | 2100 | 2250 | 30 | 10 | | 2 | 18 | زىماتاكچى | ئابابەز چوكام | |
| 73401 | 37271 | 36130 | 611 | 126 | | 302 | 183 | ناۋاي | | |
| 26290 | 18471 | 7819 | 188 | 35 | | 97 | 56 | ئاشپەز | | |
| 4700 | 1360 | 3340 | 71 | 13 | 5 | 23 | 30 | سامساپەز | | |
| 7209 | 6032 | 1177 | 51 | 9 | | 25 | 17 | زاسۇپەز | | |
| 14342 | 10100 | 4242 | 32 | 3 | | 16 | 13 | ئاچچىق-ۋچى | | |
| 4237 | 2459 | 1778 | 56 | 8 | | 10 | 38 | سەيچى | | |
| 16597 | 13651 | 2946 | 74 | 13 | | 31 | 30 | ساماۋەرچى | | |
| 2860 | 660 | 1800 | 30 | 5 | | 15 | 10 | كاۋاپچى | | |
| 2800 | 1400 | 1400 | 20 | 7 | | 3 | 10 | لەڭپۇچى | | |

3 – جەدۋەل 8 – بەت

| [illegible] سەرمايىسى | | | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | كەسىپچى جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي (يۈەن) | مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | ھەرىكەتلىك سەرمايە (يۈەن) | جەمئىي ئادەم | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | | | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | جەمئىيەت نامى |
| 26370 | 14835 | 11535 | 87 | | 3 | 46 | 38 | ھاراق ساتقۇچى | | |
| 2396 | 1904 | 492 | 40 | 10 | | 20 | 10 | بوزاكەش | | |
| 2731 | 1550 | 1181 | 5 | | | 2 | 3 | چەمەنچى | | |
| 1444 | 644 | 800 | 7 | 2 | | 3 | 2 | دۇفۇچى | | |
| 2800 | 1400 | 1400 | 6 | | | 5 | 1 | ھاراق ئىشلەتكۈچى | | |
| 3700 | 1200 | 2500 | 75 | 10 | | 10 | 55 | دوغچى | | |
| 3500 | 500 | 3000 | 80 | 20 | | 10 | 50 | ھەرخىل كىچىك سوغۇق يېمەكچىلەر | | |
| 7000 | 2000 | 5000 | 215 | 14 | 20 | 20 | 150 | ھەرخىل يايمىچىلار | | |
| 903239 | 53628 | 849611 | 302 | | 16 | 19 | 267 | كىچىك جەمئىي | | |
| 887510 | 52154 | 835356 | 216 | | 16 | 18 | 182 | كەزمالچىلار | ئىمىن ھاجىم | كەزلىمە يەزلىك ماللار جەمئىيىتى |
| 2734 | 129 | 2605 | 42 | | | | 42 | خامچى ساتاچىلار | | |
| 238 | 18 | 220 | 13 | | | | 13 | تاغارچىلار | | |
| 783 | 143 | 640 | 9 | | | 1 | 8 | پاختا ئېلىپ ساتارلار | | |
| 2884 | 44 | 2840 | 6 | | | | 6 | چاپانچى | | |
| 490 | 40 | 450 | 5 | | | | 5 | بەلباغچى | | |
| 3000 | 500 | 2500 | 5 | | | | 5 | بەقەسەم ساتقۇچى | | |
| 5600 | 600 | 5000 | 6 | | | | 6 | كىلەم ساتقۇچى | | |

3 ـ جەدۋەل 9 ـ بەت

| سەرمايىسى | | | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار | | | | ئائىلە سانى | كەسىپلەر تۈرى | كەسپىي جەمئىيەتلەر ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي (يۈەن) | مۇقىم سەرمايە (يۈەن) | ھەرىكەتلىك سەرمايە (يۈەن) | جەمئىي ئادەم | شاگىرتى | خىزمەتچىسى | ئىشچىسى | | | جەمئىيەت باشلىقى ئىسمى | جەمئىيەت نامى |
| 357375 | 23523 | 333852 | 412 | 18 | 9 | 19 | 366 | كىچىك جەمئىي | | |
| 178985 | 6765 | 172220 | 63 | — | 2 | — | 61 | رەڭ دورىۋاچىلار | تۇرسۇنخان تىلىۋالدى، مەمەتنىياز يۈسۈپ | رەڭ دورىۋاچىلار |
| 119140 | 4555 | 114585 | 111 | 3 | 2 | 2 | 104 | چەرچىن مالچىلار | | |
| 14333 | 3716 | 10617 | 126 | 4 | 5 | 3 | 114 | مەيدە مالچىلار | | |
| 20665 | 2515 | 18150 | 20 | 3 | | 2 | 15 | تۆمۈر پۇرۇشلار | | |
| 11050 | 2700 | 8350 | 14 | | | 2 | 12 | تەن ـ ناۋاتچىلار | | |
| 4007 | 1137 | 2870 | 25 | | | 5 | 20 | تاماكىچىلار | | |
| 525 | 35 | 490 | 4 | | | | 4 | خۇرۇشچىلار | | |
| 320 | 20 | 300 | 17 | 3 | | 2 | 12 | پىچاقچىلار | | |
| 1200 | 900 | 300 | 10 | | | | 10 | چىنە ـ قاچا ئېلىپ ساتقۇچىلار | | |
| 2150 | 180 | 1970 | 3 | | | | 3 | دەپتەرچىلەر | | |
| 5000 | 1000 | 4000 | 19 | 5 | | 3 | 11 | چاپانچىلار | | |
| 581430 | 10000 | 571430 | 202 | | | 40 | 192 | كىچىك جەمئىي | | |
| 526430 | | 526430 | 150 | | | 33 | 117 | سانائەت ماللىرىنى سا ـ تىدىغانلار | مەھەممەتخان ھاجىم، توختى موللاھاجىم | يول تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 12000 | 2000 | 10000 | 37 | | | 7 | 30 | خام ئېلىپ ساتىدىغانلار | | |
| 9000 | 1000 | 8000 | 10 | | | | 10 | تاغار ئېلىپ ساتىدىغانلار | | |
| 15000 | 3000 | 12000 | 20 | | | | 20 | چەكمەن، سەگەزچىلەر | | |
| 13000 | 3000 | 10000 | 10 | | | | 10 | پاختا سودىگەرلىرى | | |
| 6000 | 1000 | 5000 | 5 | | | | 5 | ھەر خىل قۇرۇق مال سودىگەرلىرى | | |

## 2. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

شەھىرىمىزدە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى ئاستىدا يۇقىرى دولقۇن ئىچىدە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلدى.

1955 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى چاقىرغان «كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» يىغىنىنىڭ روھىنى قەشقەر شەھىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە شەھەر باشلىقىنىڭ مەسئۇللىقىدا ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى، ھەيئەت رەھبەرلىكىدە «ئۆزگەرتىش» ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن مەخسۇس كادىر ئاجرىتىپ پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا خىزمەت ئىشلەندى. 1956 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتكە ئاجرىتىلغان كادىرلار كاپىتالغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى سىياسەت - پرىنسىپلارنى ئۆگىنىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. ئارقىدىنلا شەھىرىمىزدىكى پۈتۈن سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدا چوڭ - كىچىك يىغىنلارنى ئېچىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ ئەھمىيىتى مەۋقەسى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ
ئەۋزەللىكى ھەمدە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى كەڭ كۆلەملىك
تەشۋىق قىلىندى. تەشۋىقات ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كەڭ
سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھەر خىل ھاجەتسىز ئەندىشىلىرى چىقىر-
ىپ تاشلىنىپ، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن دادىل قەدەم تاشلاپ
مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. بۇ بىرىنچى باسقۇچ.
ئىككىنچى باسقۇچتا، ئالدى بىلەن شەھىرىمىزدىكى پۈ-
تۈن سودا - سانائەتچىلەر كەسىپلەر بويىچە 26 گۇرۇپپىغا
تەشكىللەندى، ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزاسىنىڭ ئاز-
كۆپلىكى ھەم ئىقتىسادىي سالمىقىنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكىگە
قاراپ مۇۋاپىق سانلاردا كادىر سەپلەپ گۇرۇپپىلار بويىچە
ئۆچەيتە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۆزگەر-
تىش ھەققىدىكى سىياسەتلىرى ئۆگىنىلىپ، تونۇشى ئۆستۈ-
رۈلدى. ئارقىدىن ئېغىز ئارقىلىق ئىلتىماس بىلدۈرگەن-
دىن تاشقىرى ئۆزلىرى ئىلتىماس يېزىپ سۇندى. 1956-يىلى
2-ئايغا قەدەم قويغاندا ھەر قايسى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى-
دىكى سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىش قىز-
غىنلىق كەيپىياتى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزى نامىدا شەخ-
سىي ئىلتىماس ۋە كەسىپلەر بويىچە بىرلەشمە ئىلتىماسلارنى
يېزىپ گۇرۇپپا رەھبەرلىرىگە تاپشۇردى. 2-ئاينىڭ 24-
كۈنىگە قەدەر 58 كەسىپتىن 3474 ئائىلىلىك سودا - سانا-
ئەتچى ۋە كەسىپدار تەشكىلگە ئۆزىنىڭ ئىلتىماس ۋە مەلۇ-
مات جەدۋىلىنى تاپشۇردى. ئۆزگەرتىش ئىشخانىسى مۇزاكى-
رە قىلىپ ئۇلارنىڭ يازغان ئىلتىماسىنى ھۆكۈمەت بىلەن

شېرىكلىشىش ۋە كوپېراتسىيىلىشىشكە تەستىقلىدى. بىرىنچى قېتىم- تىمدىلا تەستىقلانغان ئائىلە تەشقىرى شەھەردىكى خوسۇسىي سو- دا - سانائەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ 91. 82 پىرسەنتىنى ئىگە- لىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، شەھەرلىك پارتكوم ئۆزگەرتىش ئىشخا- نىسى سودا-سانائەتچىلەر ئىچىدە تۇرغۇپ چىققان بۇ قىزغىنلىق كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋا- قىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئائىلىسى تەستىقلانغانلارنىڭ خاراكتېرى، كەسىپ تۈرى ۋە مەبلىغى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش (مال-مۈ- لۈك ئېنىقلاش) خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ دەل ۋاقتى يې- تىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ شەھەر بويىچە مال- مۈلۈك ئېنىقلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. بۇ ھەيئەتكە قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا يۇۋ، ۋىلايەتلىك سودا شىركەتنىڭ باشلىقى شۇجىڭلى، شەھەرلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى مەھەممەتخان ھاجىملار مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر؛ چىڭ جىڭلى، توختى مولىلا ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، روزى قا- دىر، گۇجىڭفۇ، مەتروزى ھاجى قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزاسى بولغان ئىدى. يەنە ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە مال- مۈلۈك ئېنىقلاش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ تەشكىلىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، كەڭ سودا - سانائەتچىلەرگە قارىتا ئۆزگەرتىشكە ئائىت مال - مۈلۈكلەرنى مەلۇملاش، ئۇنىڭ باھاسىنى بې- كىتىش، مەلۇم قىلىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى.

تۆتىنچى باسقۇچتا، 3-ئاينىڭ باشلىرىدا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شەھەر بويىچە 50 مىڭ كىشى-

ئىلىك چوڭ يىغىن ئېچىپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تۇ-
لۇق غەلىبىسى تەنتەنە قىلىندى. شۇندىن كېيىن قەدەم با-
قۇچلۇق ھالدا ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تۈرى بويىچە ھۆكۈمەت
بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش، ۋەكالىتەن
سېتىش، ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش، مەھۇردىي گۇرۇپپا، ئىش-
قوشۇش كارخانىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى، خىزمەت
ئۆتەش گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق شەكىللەر بويىچە ئۆزگەرتىلىپ
تەشكىللەنگەن. 1956- يىلى 6- ئايغا قەدەر قەشقەر شەھىرىدە
ئۆزگەرتىلگەن ئومۇمىي سودا- سانائەتچىلەر 3503 ئائىلە،
بۇ، شۇ مەزگىلدىكى شەھەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتقان 4882 ئائىلىنىڭ 72 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۆزگەرتىلگەن ئائىلىلەر ئىچىدىكى كەسىپ بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىلار 4529 نەپەر بولۇپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇ-
چى پۈتۈن سودا- سانائەتچىنىڭ (6264 نەپەر كىشىنىڭ)
72.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كەسىپىنى ئۆزگەرتكەن
ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن كەسىپىنى توختاتقانلار 545 ئائى-
لە بولۇپ. پۈتۈن سودا- سانائەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ 11.16 پىر-
سەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادى-
مى 581 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇ-
چى ئادەم سانىنىڭ 9.28 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن
سودا- سانائەتچىلەر ئىچىدە 1956- يىلى 6- ئاينىڭ ئاخى-
رىغا قەدەر تېخى ئۆزگەرتىلمىگەنلەر 634 ئائىلىك بولۇپ،
(بۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ھەر خىل شەكىللەر بويىچە
ئۆزگەرتىلىپ ئورۇنلاشتى)، شۇ چاغدىكى پۈتۈن سودا- سانا-

ئەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ 17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، كە-
سىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلىرى 1863 نەپەر بولۇپ (شاگىرت
ئىشچى ۋە بىللە ئىشلىگەنلەر)، پۈتۈن سودا - سانائەتچىلەر
ئىچىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم سانىنىڭ 21.75
پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۆزگەرتىلگەنلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ئۆز-
گەرتىلىپ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە قوشقان سەرمايىسى: 1956-
يىلى 6- ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر قەشقەر شەھىرىدە
ئۆچنى بېكىتىش بويىچە شىركەتلەشكەنلەر 157 ئائىلە بولۇپ،
كەسىپكە قاتناشقان ئادەملىرى 357 نەپەر ئىدى، قوشقان
سەرمايىسى (مال ۋە نەقپۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي
1 مىليون 495 مىڭ 302 يۈەن بولغان، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئون
نەپەر كىشى ئۆزگەرگەن سەرمايە ھېسابىدا 22.7 سەر ئالتۇن،
2650.5 سەر كۈمۈش، يەتتە دانە تىللا، 28 دانە ئالتۇن
ئۈزۈك قاتارلىق نەرسىلىرىنى تاپشۇرغان (شۇ مەزگىلدە بۇ
نەرسىلەرنى بانكىغا 12 مىڭ 192 يۈەن 18 فۇڭغا ساتقان). كېيىن
ئۆزگەرتىش سىياسىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئالتۇن - كۈ-
مۈش ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى سەرمايىغا ھېساب قىلىپ ئې-
لىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى بىر
تۇتاش مۇزاكىرە قىلىپ سېتىلغان ئالتۇن - كۈمۈش پۇلىدىن
12 مىڭ 192 يۈەن 18 فۇڭنى ۋە سېتىلماي ساقلىنىپ
كەلگەن يەتتە دانە تىللا، 28 دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۆز ئەي-
نى بويىچە ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ
ئۆزگەرتىشكە سەرمايە قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى سىياسەت-
پىرىنسىپى تولۇق ئەمەلىيلىشىپ توغرا ئىجرا قىلىنغان. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەر 22 كەسىپ بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئىمە-
رىكچىلىكىدىكى شىركەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىشكە ئۆزگەرگەنلەر
54 گۇرۇپپا 261 ئائىلە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەم سانى
370 نەپەر، قوشقان سەرمايىسى 244 مىڭ 859 يۈەن بولغان.
توپ ئېلىپ پارچە ساتقۇچىلار 82 گۇرۇپپا، 170 ئا-
ئىلە، 280 نەپەر كىشى بولۇپ، سەرمايىسى 300 مىڭ يۈەن. بىر-
لەشمە سودا سارىيى، سودا گۇرۇپپىسى 90 ئورۇندا بولۇپ،
605 ئائىلە، 906 كىشى ئىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى تۈردىكىلەرنىڭ
ئومۇمىي سەرمايىسى 616 مىڭ 617 يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە كىچىك مەمۇرىي گۇرۇپپىلار 644 ئائىلە، 661 نەپەر
كىشى، بۇلارنىڭ قوشقان سەرمايىسى 102 مىڭ 804 يۈەن.
ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەنلەر 150 ئا-
ئىلە، 193 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ قوشقان سەرمايىسى
11 مىڭ 157 يۈەن (ئات، تۆگە، ھارۋا جابدۇقلىرىنىڭ پۇلغا
سۇندۇرۇلۇشى)، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسى-
يە ئورنى 42 كارخانا بولۇپ، 1506 ئائىلە، 1762 نەپەر كىشى،
بۇلارنىڭ مۇقىم ۋە ھەرىكەتلىك سەرمايىسى 484 مىڭ 161 يۈەن.

سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىرىنى سىياسىي
جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە: ھۆكۈمەت بىلەن خۇ-
سۇسىيلار شىرىكلەشكەنلەردىن 27 كىشى ئالاھىدە خېلى ئا-
ساسلىق ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە مە-
ھەممەتتىخان ھاجىمنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى-
نىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا ھەم قەشقەر ۋىلايەتلىك تۆرلى

ماللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلىقىغا، قەشقەر شەھەرلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا بەلگىلەنگەندىن سىرت، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگىمۇ بېكىتىلگەن. ياقۇپ داموللا ھاجىم قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىلما-توقۇلما ماللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، مەتقۇربان ھاجىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، قادىربەگ ھاجىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئابدۇقادىر ھاجىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتىنىڭ جىڭلىلىقىغا، توختىموللا ھاجىنى قەشقەر شەھەرلىك تۆرلى مال باش سارىيىنىڭ مۇدىرى ۋە قەشقەر شەھەرلىك سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە باش مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە، ئىمىن ھاجىنى قەشقەر شەھەرلىك ئىلما-توقۇلما ماللار شىركىتى باش سارىيىنىڭ باشلىقى، قەشقەر شەھەرلىك سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا؛ ئۇنىڭدىن باشقىلارنى ماگىزىن مۇدىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قول سانائەت لىنىيەسىدىنمۇ كوپىراتسىيە، كارخانىلاردا ئۆز ئىچىدىن چاكجاك ۋە جەڭگىلى قىلىپ بېكىتىپ، بۇلارغىمۇ مەمۇرىي كادىر قاتارىدا مۇئاش بەلگىلەنگەن. بۇلار كادىر ھېسابىدا مەمۇرىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى بېجىرگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە قوشقان سەرمايىسىغا بەلگىلىك ئۆسۈم، ئۆزىگە 170 يۈەندىن 70 يۈەنگىچە مۇئاش بەلگىلەنگەن.

خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-
تىش كىرگۈزۈش — پۈتۈن سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تارىخىدا
يېڭى بىر چوڭ ئىش بولۇپ، كاپىتالىزم يولىدىن سوتسىيا-
لىزم يولىغا مېڭىشتىكى چوڭ بۇرۇلۇش. پارتىيىمىزنىڭ ئېلىپ
بارغان تەشۋىق - تەربىيە نەتىجىسىدە شەھىرىمىزدىكى ھەر
مىللەت سودا - سانائەتچىلەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش-
نىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ،
ئۆزگەرتىشنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن قوبۇل قىلدى، پار-
تىيىمىزنىڭ سودا سىياسىتىگە ۋە كەسپىي شىركەتلەرنىڭ پىلان، تۈزۈ-
مىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەت ۋە
ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردىكى تېخنىكا - ماھارەتلىرىنى
تولۇق جارىي قىلدۇردى، سودا ئابوروتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش
ئونۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ كەڭ ئىستېمالچىلارنى تەمىنلەشتە،
دۆلەت سودىسىنىڭ كەم ئورنىنى تولۇقلاش جەھەتتە ئاكتىپ
رول ئوينىدى. كۆپ ساندىكى پېشقەدەم سودا - سانائەتچىلەر
ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا تەجرىبىلىرىنى ياشلارغا ئۆگى-
تىپ، ئۇلارنىڭ سودا ماھىرى، ئىشلەپچىقىرىش قەھرىمانى
بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشتى، سودا-سا-
نائەتچىلەر سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىگە ئاكتىپ
قاتناشتى.

## 3. ئۆزگەرتىشتىن كېيىن تەشكىللەنگەن سودا - سانائەت كارخانىلىرى

شەھىرىمىزدە 1956- يىلى 3 - ئايدا داغدۇغىلىق ئېلىپ
بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش — ئۆزگەرتىشنىڭ

ئالىي شەكلى، تۆۋەن شەكلى دەپ ئىككى خىل شەكىل بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىك تىجارەت قىلىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئالىي شەكلى دەپ ئاتالغان، بۇ شەكىل بويىچە تىجارەتچى ۋە قولسانائەتچىدىن 157 ئائىلە بىر مىليون 495 مىڭ 302 يۈەن 66 فۇڭ سەرمايە قوشۇپ، تۈرلى ماللار شىركىتى، گەزلىمە ماللار شىركىتى، ئىستېمال بۇيۇملار شىركىتى، كۆكتات شىركىتى، تاشقى سودا شىركىتى، «1 – ماي» تىيا تىرخانىسى، يەرلىك مال دېرىكتورلار بۆلۈمى، سودا شىركىتى، توپ تارقىتىش بۇنكىتى، خۇمدانچىلىق، ئۇلاغ كۆچى ترانسپورت شىركىتى، يېمەك – ئىچمەك شىركىتى قاتارلىق دۆلەت سودا ئورۇنلىرى ۋە خىزمەت ئۆتەش ئورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلىپ ھۆكۈمەت بىلەن شىرىكلىشىپ تىجارەت قىلغان. بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگەرتىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس كادىرلار بەلگىلەنگەندىن سىرت، يەنە ئۆزگەرتىلگەن تىجارەتچىلەر مەسئۇل قىلىنغان ماگىزىنلاردا، بىردىن دۆلەت ۋەكىلى قويۇلۇپ، كونكرېت يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

ئۆزگەرتىلگەن 157 نەپەر شىرىك تىجارەتچىدىن تۈرلى ماللار شىركىتىگە كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئەسلىدە ئالتە سودا ماگىزىنىغا بېكىتىپ، ھەر قايسى سودا ماگىزىنغا ئايرىم سەرمايە، مۇدىر، ھېساباتچى، ئامبارچى، كاسسىر، مال سېتىۋالغۇچى بېكىتىپ تەشكىلىي ئاساسىنى پۇختىلىغان. يەنە بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تىجارەت، مالىيە ئىشلىرىنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر ئورۇندا باش سارىي — تۈرلى ماللار باش سارىيى قۇرۇلغان.

باش سارايىنىڭ باشلىقى تۇختىمۇللاھاجىم تەۋەككۇل، ئۆزگەرتىش مەسئۇلى كادىرى گوجىڭخۇ، دۆلەت ۋەكىلى قاسىم مۇسا (بۇ ئىككى كىشى تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ كادىرى) بولغانىدىن سىرت، يەنە پىلان، ستاتىستىكا بۆلۈمى، مالىيە ھېسابات بۆلۈمى قاتارلىق ئۈچ بۆلۈم بولغان ئىشخانا بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ خىزمەت ئىشلىگەن. تۈرلۈك ماللار باش سارىيى قارمىقىدىكى ئالتە ماگىزىن (ئالىما ماگىزىنى، تاڭنۇر ماگىزىنى، بىرلىك ماگىزىنى، غالىبىيەت ماگىزىنى، نۇرلۇق ماگىزىنى، تىنچلىق ماگىزىنى) دا جەمئىي 64 نەپەر خادىم بار ئىدى. ئومۇمىي سەرمايىسى 653 مىڭ 986 يۈەن 22 پۇڭ ئىدى. 1956-يىلى 3-ئايدا ئۆزگەرتىلىپ دۇكان ئاچقاندىن تارتىپ، يىل ئاخىرىغا قەدەر باش سارايدىن ئالتە ماگىزىنغا بېرىلگەن توققۇز ئايلىق پىلان ۋەزىپىسى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 163 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ 113 مىڭ يۈەن ئارتۇق ئورۇندىغان. ئارىلاش پايدا ئىچىدىن 11 مىڭ 322 يۈەن 95 پۇڭ باج تۆلىگەن، ئىش ھەققى ۋە باشقا چىقىملار ئۈچۈن 95 مىڭ 813 يۈەن سەرپ قىلغان، ئاشقان پۇلنى يەنە سەرمايە قىلىپ قوشقان.

قالغان كەسىپلەردىكى ئۆزگەرگەن ماگىزىنلارنىڭ سودا-تىجارەت ئىشلىرى ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن زور كۆلەمدە ئىلگىرىلىگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ماگىزىن ۋە باش سارايىنىڭ خىزمەت، سودا-تىجارەت ئىشلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىر تەرەپتىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللاپ مەدەت بېرىشى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەر-

لىرىدىگە بېرىپ بازار تېپىپ، مال مەنبەلىرىنى تەشكىللەشكە كەڭ كۆلەملىك يول ئېچىپ بېرىشى، بانكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى بېرىپ سەرمايىسىنىڭ كەم قىسمىنى تولدۇرۇپ، ئەمەلىي ياردەم بېرىشى ئارقىلىق بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ كىشىلەر رايىغا ياققانلىقىدىن، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تولۇپ تاشقان خۇشاللىقى بىلەن كۈچ چىقارغانلىقىدىن بولغان. تەپسىلاتى 4 -، 5 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

(4 - جەدۋەل)

قەشقەر شەھىرىنىڭ 1956 - يىلىدىكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى (1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)

| سەرمايىسى (يۈەن) | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سانى | ئائىلە سانى | تۈر نامى | |
|---|---|---|---|---|
| 3292900 | 6264 | 4882 | ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى ئومۇمىي سانى | |
| 1495302 | 357 | 157 | ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلەشكەنلەر | ئۆزگەرتىشكە قاتناشقانلار |
| 244859 | 370 | 261 | ۋەكالىتەن ئىشلىگۈچى - ساتقۇچىلار | |
| 300000 | 280 | 170 | تېرىپ ئېلىپ پارچە ساتقۇچىلار | |
| 316617 | 906 | 605 | بىرلەشمە سودا دۇكان گۇرۇپپىسى | |
| 102804 | 661 | 644 | يەككە (مەمۇرىي) گۇرۇپپىلار | |
| 211157 | 193 | 150 | ئۇلاغ ترانسپورت كەسپىدىكىلەر | |
| 484161 | 1762 | 1516 | قول سانائەتچىلەر | |
| 3154900 | 4529 | 3503 | جەمئىي | |
| 138000 | | 1379 | ئۆزگەرتىشكە قاتناشمىغانلار | |

(5 ـ جەدۋەل)

قەشقەر شەھەردىكى ئۆزگەرتىلگەن سودا ـ سانائەتچىلەر-
دىن 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى سەرمايىغا ئىگە بولغانلار
ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| تەرتىپ نومۇرى | ئىسمى فامىلىسى | مىللىتى | ئۆزگەرتىلگەن سەرمايىسى (يۈەن) | شىركەتلەشكەن ئورۇن | ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1 | خالىق ئابدۇللا | ئۇيغۇر | 111.497.72 | بەيخوا كۆكسى | ماگىزىن مۇدىرى |
| 2 | مەھەممەت نىياز يۈسۈپ | 〃 | 44.449 | جۇدەن كۆكسى | 〃 |
| 3 | تۇرەخان ئىلمۇاكىر | 〃 | 43.312 | 〃 | 〃 |
| 4 | روزى ھاجى، رەشىت ھاجى | 〃 | 39670.71 | بەيخوا كۆكسى | پىرىكازچىك |
| 5 | ياقۇپ داموللام | 〃 | 35.786 | ئىلما ـ توقۇلما ماللار كۆكسى | جەڭلى |
| 6 | قاسىم ھاجىم | 〃 | 37.248 | بەيخوا كۆكسى | ماگىزىن مۇدىرى |
| 7 | غولامجان مەمەت ھاجى | 〃 | 29.956 | 〃 | 〃 |
| 8 | ساقى ئىمىن | 〃 | 26691.77 | 〃 | 〃 |
| 9 | مەتقۇل ئاجىم | 〃 | 23.900 | شىنىڭ كۆكسى | جەڭلى |
| 10 | ئۆمەر جوك | 〃 | 22198 | جۇدەن كۆكسى | ماگىزىن مۇدىرى |
| 11 | مەمەتجان ھاجىم | 〃 | 21.491.32 | بەيخوا كۆكسى | فۇمىجاڭ ھەم تۈرلۈك مال جەڭلىسى |
| 12 | ئابدۇرېھىم ھاجىم | 〃 | 30.000 | ماي تىياتىرى | |
| 13 | قاسىموپ | 〃 | 30.000 | 〃 | |
| 14 | ئابلاجان خالىق | 〃 | 20226 | بەيخوا كۆكسى | ماگىزىن مۇدىرى |

4- جەدۋەلنىڭ داۋامى

| تەرتىپ نومۇرى | ئىسمى ئاتىسى | سالاھىيىتى | ئۆزگەرگەن سەرمايىسى (يۈەن) | شەرىكلەشكەن ئورنى | ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەزىپىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 15 | توختى موللا ھاجىم | ئۆيى-خور | 18.515 | بەيخۇا كوڭسى | زوڭدەن باشلىقى |
| 16 | مەتقۇربان ھاجى مۇسا | 〃 | 17.120 | سودا بۆلۈمىگە | فۇجىڭلى |
| 17 | غوپۇر ئەيسا ھاجى | 〃 | 15.234 | بەيخۇا كوڭسى | 〃 |
| 18 | ئەھمەتخان تۇردى | 〃 | 15.128 | يەرلىك مال كوڭسى | ماگىزىن مۇدىرى |
| 19 | موللاخۇن ھاجى | 〃 | 15.865 | مونچا | |
| 20 | ئابدۇلقاسىم ئەپلى | 〃 | 14.804 | بەيخۇا كوڭسى | |
| 21 | مۇسا ئەيسا ھاجى | 〃 | 14.640 | 〃 | |
| 22 | ھېيت قۇربان ھاجى | 〃 | 14.287 | مونچا | |
| 23 | ئابلاجان خەلىل | 〃 | 14.107 | 〃 | |
| 24 | ئابلاجان مۆمىن | 〃 | 13.480 | بەيخۇا كوڭسى | ماگىزىن مۇدىرى |
| 25 | ئەبەي ئىمىن | 〃 | 13.345 | 〃 | |
| 26 | كېرىم ھاجىم | 〃 | 12.562 | 〃 | ماگىزىن مۇدىرى |
| 27 | ئەھمەت توختى ھاجى | 〃 | 12.171 | 〃 | |
| 28 | نۇر ئىمىن | 〃 | 11.271 | 〃 | |
| 29 | مۆمىن ئىمىن | 〃 | 10.956 | 〃 | |

## 4. سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يالغۇز مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى، دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراشنى يېتەكلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا - سانائەتچىلەر يالغۇز مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى جەھەتتىكى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپلا قالماي ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئىدىيە ئۆزگەرتىشنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە، ھەم سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە، ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، ئېكىسپلاتاتسىيە ئارقىلىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تونۇغان بولسا، يەنە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئەمگەككە قاتنىشىپ ھالال ئىشلەپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشنىڭ تولىمۇ شەرەپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. قەشقەر شەھرىدىكى سودا - سانائەتچىلەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن كېيىن قەرەللىك ھالدا سىياسىي ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بىرلىكسەپ تارماقلىرى ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىش بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ زور نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن.

خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن سودا - سانائەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىجارەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ئۆزگەرتىلگەن بارلىق سودا - سانائەتچىلەرنى ھەممە كەسىپلەر بويىچە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى ھەمدە پارتىيە كومىتېتىدا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى تەشكىل قىلىنىپ، كۆپچى-

لىكىنى سەپەرۋەر قىلىش بىلەن ھەر قايسى كەسىپ ــ لىنىيە-لەر بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسىنىڭ كونكرېتنى پىلان، تەۋ-زۇم ۋە شەرت-ئۆلچەملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. شەھىرىمىزدە 1956- يىلىنىڭ ئاخىرقى پەسلىدىن 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەمگەك مۇسابىقىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇل-دى. مۇسابىقە ئارقىلىق كۆپ ساندىكى سودا- سانائەتچى-لەر ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت سادىسىدە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ئەمگەك سىڭ-دۈرۈپ چىقىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، كەسىپ جەھەتتە ئۆز ئىق-تىدارىنى، تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسىپ تى-جارىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى قانات يايدۇرۇپ، سوتسى-يالىستىك قۇرۇلۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

شەھىرىمىزدە يولغا قويۇلغان ئەمگەك مۇسابىقىسى سو-دا- سانائەتچىلەر ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە نۇقسانلىق ھالدا دۆلەت بىلەن خۇسۇسىي-لار شىركەتچىلىكىدىكى تۈرلى مال باش سارىيى، ۋىلايەتلىك توپ تارقىتىش پونكىتى قارىمىقىدىكى شىركەتلەشكەن پىششىق خىش زاۋۇتى، ياغاچ پۈرۈش كارخانىسى، ۋىلايەتلىك چارۋا مال مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قارىمىقىدىكى شىركەتلەشكەن ئىش قوشۇش كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئەمگەك مۇسابىقە-سىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتى-جىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز:

(1) مۇسابىقە ئارقىلىق كۆپ ساندىكى ئەزالار سوتسى-يالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تونۇدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىشكە قارىتا ھەر خىل كومالىي قاراشلارغا خاتىمە بەردى. مۇلۈكچىلىك جەھەتتىكى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئورۇنداڭغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى سودا-سانائەتچىلەر ئىزچىل چەكتىكى ئىستېقباللىقنى تونۇغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي، سەرمايىلىرىنى تولۇق تاپشۇرماسلىق ياكى تاپشۇرغان سەرمايىسىدىن بىر قىسمىنى ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قايتۇرۇپ ئېلىشتا ئۇرۇنۇش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەنىدى.

سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل كۆز قاراشلارغا خاتىمە بېرىلىپ، ئىلگىرى سەرمايىسىنى قايتۇرۇۋېلىشتا ئورۇنغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن «مەن چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن، قىيىنچىلىقىم يوق ئىدى، بولسىمۇ جاز ئىدى، ئۆزۈم ھەر خىل كۆز قاراشتا بولۇپ، سەرمايەمدىن قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدىم، بۇ پىكرىمدىن يانىدىم» دېگەن ئىپادىلەرنى قايتا - قايتا بىلدۈرۈشتى. مەسىلەن: تۈرلۈك مال باش سارايى ئەزالىرىدىن 22 كىشى ھەر خىل ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ 4000 يۈەن سەرمايىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، مۇسابىقىدىن كېيىن بۇلار «بۇ خىل كۆز قارىشىمىز توغرا ئەمەس ئىكەن» دېدى.

(2) سودا - سانائەتچىلەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۆستى. بۇرۇن سودا - سانائەتچىلەرنىڭ بەزىلىرىدە خىزمەت تۈزۈمىنى قوبۇل قىلماسلىق، بەزىلىرى خىزمەتكە كېچىكىپ كېلىش، ئىلگىرى كېتىش، خىزمەت ۋاقتىلىرىدا خۇسۇسىي ئىش قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇسابىقە جەريانىدا بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆزلۈكىدىن

ئائىلىق ھالدا تۇرگەنتى. خىزمەتكە ۋاقتىدا كەلمىش، ۋاقتىدا قايتمىش، بەلكى خىزمەت جىددىي بولغاندا كېچىلىرى ئىشلەش، بىر - بىرىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئادەتكە ئايلاندى.

(3) شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق تونۇدى. ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىر قىسىم ئەزالاردا ئىلاج قىلىپ باپ ماللارنى ئېلىۋېلىپ ھايىنىغا سېتىپ پايدا ئېلىش، بەلكى باشقا ماگىزىنلارغا چىققان ئەرزان باھالىق قىس ماللارنى ئۆچرەتتە تۇرۇپ سېتىۋېلىش ئەھۋاللىرى قىسمەن مەۋجۇت ئىدى.

مۇسابىقە يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئەزالار «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاممىنى تەمىنلەش، ئاممىنى تەمىنلەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ماللارنى ئۆزىمىز ئېلىۋېلىشىمىز ۋە باشقا ماگىزىنلارغا بېرىپ ئۆچرەت بولۇپ ئېلىۋېلىشىمىز، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ تەمىنلەش پىلانىغا تەس يەتكۈزگەنلىك، ئاممىنىڭ ئېھتىياجى تولۇق تەمىنلەنسە شۇنىڭ ۋاقتىدا، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ھەل بولىدىغۇ دېگەن تونۇشنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ھادىسە كۆپ ئازايدى.

(4) ئىدىيىۋى تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز ئارا، مىللەتلەر ئارا ۋە ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، شۇنىڭدەك سادىر بولغان كەمچىلىكلەرگە قارىتا ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلالايدىغان ۋە باشقىلارغا تەنقىدىي ياردەم بېرەلەيدىغان، بىر - بىرىگە مەسئۇل بولىدىغان ئائىلىقتا ئىگە بولدى.

(5) سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سۆيۈشى ئۆسۈپ، ئۆزىنى ئەمگەك ۋە خىزمەت بىلەن چېنىقتۇرۇپ ئىسمىي-جىسمىغا لايىق ئەمگەكچىلەردىن بولۇش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. تىجارەت ساھەسىدىكى كۆپ سانىدىكى كىشىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىلگىرىدىن تارتىپ جىسمانىي ئەمگەك قىلمىغان، قىلالمايدىغان ئېغىر ئەمگەك قىلمىغان، بۇ نۆۋەت سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن دۇكان سۈپۈرۈش، ماللارنى تازىلاش، دۇكانلارنى كۆزەت قىلىش، ئامبارلاردىن يۆتكەپ كېلىدىغان ماللارنى ھارۋىدا سۆرەپ ياكى ئۆزى يۈدۈپ كېلىش ئىشلىرىغا ئادەتلەندى. بۇنىڭ بىلەن بىر پەسىلدە مال توشۇش ئۈچۈن ھامماللارغا بېرىلىدىغان 1391 يۈەن پۇل ئىقتىساد قىلىندى.

(6) ئەزالاردا ئاممىنىڭ مۈلكىنى سۆيۈش روھى ئۆسۈپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى بۇزۇۋېتىش ياكى ئىختىيارىي خەجلەش، نېسى مال ئېلىۋېلىپ، قەرزدار بولۇۋېلىش، كاسسىدىكي پۇلنى يوقىتىپ قويدۇم دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ خەجلەپ كېتىشلەرگە ئوخشاش شەكلى ئۆزگەرگەن خىيانەت قىلىش ئىشلىرى تۈزىتىلدى. مەسىلەن: تۈرلۈك مال بارىش سارىيىدا ئىلگىرى بىر نەچچە يىلنىڭ مال ئېلىپ قەرز قىلىۋالغان 1124 يۈەن پۇلنى مۇسابىقە جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن بىراقلا تاپشۇرۇپ تۈزەتتى. 13 كىشىنىڭ ئىختىيارىي ھالدا كاسسىدىن ئېلىپ خەجلەپ كەتكەن 2703 يۈەن پۇلى تامامەن تاپشۇرۇلدى ھەممە سادىر بولماسلىق ئۈچۈن دەمبە ئەزالار نازارەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

(7) خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، ئاممىنىڭ مۆلچىرىنى ئۆتكۈزىدىغان مۆجىزە يارىتىلغان. ۋىلايەتلىك تۈپ تارقىتىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلگەن پىششىق خىش زاۋۇتىدا 600 مىڭ دانە پىششىق خىش سېلىندىغان چوڭ خۇمدان ئوت كۆيۈپ تازا قىزىغاندا خۇمداننىڭ شالاسى چۈشۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭغا ۋاقتىدا چارە قوللىنىپ رېمونت قىلىنمىسا 600 مىڭ دانە خىشنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكەندىن تاشقىرى، ئىككى ئارىغا تىزىلغان 30 مىڭ دانە خىش پەقەتلا كېرەكتىن چىقىپ زىيان بولاتتى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پىششىق خىش زاۋۇتىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى ئوت كۆيۈۋاتقان خۇمدان ئىچىگە چۈشۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن شالانى ئوڭلاپ 600 مىڭ دانە خىشنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، سەرمايە قوشۇپ كىرگەن ئەزا يۇنۇس ئەمەت ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ بېشىغا تاغارنى ھۆل قىلىپ كىيىپ تۇرۇپ بىر سائەت مىقدارى ئوت ئىچىدە ئىشلەپ، چۈشۈپ كەتكەن شالانى ئوڭلاپ، 45 مىڭ دانە خىشنى زىياندىن ساقلاپ قالغان.

(8) تىرىشچانلىق بىلەن كارخانا باشقۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىش. تۈرلۈك مال باش ساردىيىدىكى ئالتە ماگىزىننىڭ ھېسابات ئىشخانىسىنى ئىخچاملاپ بىرلىككە كەلتۈرۈش نەتىجىسىدە مەش، كۆمۈر، ئورۇن ئىجارىسى قاتارلىقلارغا كېتىدىغان 302 يۈەن پۇلنى ئىقتىساد قىلغان. ۋىلايەتلىك تۈپ تارقىتىش پونكىتى قارىمىقىدىكى ياغاچچىۋرۇچىخانىسى ئۆزىدە يىغىلىپ تاشلىنىپ ياتقان ياغاچلارنىڭ ئۇچىدىن چىققان كالتەك ئوتۇنلارنى ئوتۇن قىلىپ سېتىشنى

توختىتىپ، سايمان ياساپ ئاممىنى تەمىنلەشكە كىرىشىپ، نەتىجىدە ئادەتتىكى كارۋات، جوزا، بەندىڭلارنى ياساپ 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىۋالغان. خۇمدانچىلىق كارخانىسىدا ئىلگىرىدىن تارتىپ كۆل بىلەن تاشلىنىپ كېتىدىغان كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى يىغىۋېلىپ جەمئىي 1425 يۈەن تېجەپ قالغان. خۇمدان خىزمەتچىلىرى ئىلگىرى ئەمگەككە قاتناشمايتتى، ئەمگەك مۇسابىقىسى يۈرگۈزۈلۈپ ئىقتىسادقا رىئايە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۆگىنىشى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بۇلار ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئەمگەك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمگەكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى زور بولدى. خۇمداننىڭ خىش تىزىپ 50 گۇڭ ئىقتىساد قىلدى. تاشلىنىپ قالغان خىشتىن 8000 نى يىغىۋالدى. تاشلىنىپ كەتكەن قارا تاشتىن 55 مىڭ جىڭ يىغىۋالدى (ئاھاك تېپىشنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ كەتكەن تاش). كۆل بىلەن تاشلىنىپ كەتكەن ئاھاكتىن 1024 جىڭ يىغىۋالدى. چىقىرىۋەتكەن كۆل ئارىسىدىن 37 مىڭ 500 جىڭ ئۇۋاق كۆمۈر يىغىۋالدى (بۇ كۆمۈر ئۇۋىقى مەخسۇس خىزمەتچىلەرنىڭ تەرگىنى). تاشلىنىپ قالغان پىششىق خىشتىن 7500 نى يىغىۋالدى. خۇمدان بويىچە 3 - ئايدىن 5 - ئايىغا قەدەر چىقىملىغان نەرسىلەردىن يىغىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 3354 يۈەن 80 فۇڭ بولغان.

(9) تىجارەت ۋە كەسپىي باشقۇرۇش تېخنىكا ۋە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ يېڭى ئۇسۇل، يېڭى چارە ۋە ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىدە بار بولغان قابىلىيەتلەرنى دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قىلىپ ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەسىلەن: تۆرلى مال باش سارىيىنى ئاشلاق ئالتە ماگىزىنىڭ 1956-يىللىق ئوبوروت پىلانى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئىدى. يۇقىرىدىكى چارىلارنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 163 مىڭ يۈەن ئورۇنلاپ، بەلگىلەنگەن پىلاندىن 113 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇۋەتتى. چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى لىنىيىسىدە شىرىكلەشكەن تېرە، يۇڭغا، ئىش قوشۇش كارخانىسىدا ئىلگىرى خام تېرىنى 15 كۈندە ئاران ئاشلاپ چىقىراتتى. مۇسابىقە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شىركەت ئەزاسى ئوبۇلخان تىرىشىپ ئىشلەپ يېڭى ئۇسۇلدا كىسلاتا بىلەن 17 سائەتتە ئاشلاپ چىقىشنى ئىجاد قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈرئىتىنى 18 ھەسسە تېزلەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلگىرى بىر تېرىنى بىر جىڭ $6\frac{1}{2}$ سەر ئۇن بىلەن ئاشلاپ 15 كۈندە چىقىراتتى. بۇنى تەجرىبە قىلىپ تۆت كۈندە $11\frac{1}{2}$ سەر ئۇن بىلەن ئاشلاپ چىقىرىپ تەننەرقىنى تۆۋەنلەتكەن. بۇ كارخانا مۇشۇ ئۇسۇلدا 32 مىڭ دانە تېرە ئاشلاپ جەمئىي 22 مىڭ جىڭ ئۇن ئىقتىساد قىلدى. ئەمگەك كۈچىمۇ ئىقتىساد قىلىندى. مەسىلەن: ئىلگىرى 730 گۇڭ بىلەن 12 مىڭ 450 تېرىنى 53 كۈن ئىچىدە ئاشلاپ چىقارغان بولسا، مۇسابىقە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 825 گۇڭ بىلەن 25 مىڭ تېرىنى 50 كۈندە ئاشلاپ چىقىرىپ، ئىش ئۈنۈمىنى بىر ھەسسە ئاشۇرغان. پىششىق خىش زاۋۇتىدا ئىلگىرى چوڭ تىپتىكى خۇمدان يوق ئىدى. ئەڭ چوڭ خۇمدان ئاران 30 مىڭ خىش چىقىرالايتتى. پىشۇرۇپ چىقىرىلغان خىش ئەمەلىي ئېھتىياجنى تەمىن ئېتەلمىگەچكە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈشتە زور قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ كەلگەنىدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئو-

رۇنلىنىپ سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىل-
غاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش سورئىتىنى ئېھتىياجغا لايىق-
لاشتۇرۇش يولىدا ئىككى ئاي باش قاتۇرۇپ ئويلاپ يېڭى-
تېخنىكا ئىشلىتىپ چوڭ تىپتىكى خىش پىشۇرىدىغان خۇمدان-
دىن ئىككىنى ياساپ چىقتى. ئىككى خۇمداننىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش ئىقتىدارى ئايرىم - ئايرىم 600 مىڭ ۋە 400 مىڭ بو-
لۇپ، ئىككى خۇمدان 20 كۈندە بىر مىليون دانە خىش ئىشلەپ-
چىقىرالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولغان. بۇ، خۇمداننىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش ئىقتىدارى چوڭ بولۇپلا قالماي ئېنېرگىيە سەر-
پىياتى تۆۋەن، ئىلگىرىكى بىر دانە خىش ئۈچۈن 15 سەر كۆ-
مۈر كەتسە، ئەمدى توققۇز سەر كۆمۈر بىلەن پىشۇرۇلىدىغان
بولدى.

ياغاچ چىرۇرۇشلۇق كارخانىسىدا ئاممىنى ياغاچ بىلەن
تەمىنلەشتە يەرلىك ياغاچ يېتىشمەسلىك، بولۇپمۇ چوڭ قۇرۇ-
لۇشلارنى ياغاچ بىلەن تەمىنلەشتە قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئى-
دى. بۇنىڭغا قارىتا ئەزالار تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق ئويى-
تاغدىن قارىغاي كېسىپ كېلىپ تەمىنلەش تەجرىبىلىرىنى يا-
راتتى. نەتىجىدە 1956 - يىلى ئىچىدە 750 كۇب مېتىر ياغاچ كەل-
تۈرۈپ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەن. بۇنىڭدىن ئىلگى-
رى ياغاچ كەلتۈرۈش ئىشىنى قۇرۇلۇش تۆدنى ئىشلىگەن بول-
سىمۇ، باشقا ئورۇنلار يولغا قويالمىغانىدى. ئەمگەك
مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا - سا-
نائەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، جا-
پالىق ئېغىر ئىشلارنى تالىشىپ قىلىدىغان، قىيىنچىلىقى كۆپ،
شارائىتى ناچار ئورۇنلارغىچە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىنتى-
لىدىغان ياخشى كەيپىياتلار بارلىققا كەلدى.

شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكى-
دە ئەمگەك مۇسابىقىسىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورۇنلار
ئايمۇ ئاي خۇلاسە چىقىرىپ، ياخشى ئىش، ياخشى
ئادەم، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇپ
تۇرغان. 1957 - يىلى ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدە
ئېچىلغان ئىلغارلار يىغىنىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
سودا - سانائەت بىرلەشمىسى ئاچقان ھەم سودا نازارىتى ئاچ-
قان ئىلغارلار يىغىنىغا شەھىرىمىزدىكى سودا - سانائەتچى-
لەردىن بىر قانچە كىشى ئىلغار بولۇپ قاتنىشىپ، ئايرىم -
ئايرىم ھالدا مېدال ھەم ماددىي مۇكاپات ھەم تەقدىر قەغىزىگە ئې-
رىشتى. ئەمگەك مۇسابىقىسى كەڭ سودا - سانائەتچىلەرگە ئومۇ-
مييۈزلۈك ئەمەلىي تەربىيە بولدى. بولۇپمۇ سودا - سانائەتچىلەر-
نىڭ ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيە ئۆزگەر-
تىش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمگەك سۆيەر قەيسەر ئىرادىسى-
نى ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇرژۇئا كۆز قارىشىنى ۋە
بۇرژۇئا تۇرمۇش ئىستىلىنى تۈگىتىپ، يېڭى ئەمگەكچى-
لەردىن بولۇپ يېتىشىشكە ئاساس يارىتىپ بەردى.

# شىنجاڭ ــ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى

ۋاڭ شىياڭ

## ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەچچە 100 مىڭ يىلدىن ئاشتى. ئېلىمىزنىڭ خۇاڭخې ۋادىسىدا ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئاسىيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ تېپىك ۋەكىلىدۇر.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللىرى دەۋرىدىلا بۇگۇنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئىزلىرى بولغانىدى. غەربتىكى ئىچكى دېڭىز قىرغىقىدىن شەرقتىكى فەرغانە جىلغىسىغىچە، جەنۇبتىكى تۈركمەنىستان ھەتتا زەيسەن كۆلى بىلەن سىبىرىيىدىكى ئارىلىقتىكى ئېرتىش دەريا ۋادىسىدا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىزى بايقالغان. ۋەھالەنكى، خۇاڭخې ۋادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان بۇگۇنكى شىنجاڭ رايونىدىنلا كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تا بۇگۇنگىچە

بايقالمىغانلىقى — كونا تاش قوراللار دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ
يەنىلا ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن، ئېچىلمىغان جاي ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن بۇنىڭدىن 6—7 مىڭ يىل بۇرۇنقى
يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى
شىنجاڭدا كۆپ بايقالدى. سىپتا تاش قوراللىرى، سۈركەپ
ياسالغان تاش قوراللار، رەڭلىك ساپال قاچا قاتارلىقلار،
شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، غەربتىكى قەشقەرگىچە، شىمال-
دىكى ئالتايدىن تارتىپ، جەنۇبتىكى خوتەنگىچە بولغان ئا-
رىلىقتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايغا
تارقالغان. بۇنى ئوخشاش مەزگىلدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى
بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى شىنجاڭ
رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايو-
نىدىكى گېتون مەدەنىيىتى، قىرىتمىنال مەدەنىيىتى بىلە-
ن روشەن دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ، ھالبۇكى خۇاڭخې ۋادىسىدىكى
يالڭشاۋ مەدەنىيىتى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك
ئوخشاشلىققا ئىگە؛ شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى يېڭى تاش قو-
راللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى چىڭخەي، گەنسۇ،
نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇل، شەرقىي شىمالنىڭ شىمالىي قىسمى
قاتارلىق ئۆلكە، رايونلاردىكى شۇ تىپتىكى ئىزلار بىلەن
تېررىتورىيە جەھەتتىن تۇتىشىپ كەتكەن، تۈرىمۇ بىردەك.
بۇ شۇنى كۆرسەتتىكى، شىنجاڭدىكى 6 — 7 مىڭ يىل ئىلگىد-
رىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار غەربتىن ئەمەس، بەلكى شەرق-
تىن كۆچۈپ كەلگەن. بۇ قەبىلىلەر ئاساسەن بۈگۈنكى ئىچكى
موڭغۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەيدىكى ساكلار (يۈن ئۇرۇقلۇق
رۇڭلار)، چاڭ قەبىلىلىرى ۋە كېيىنچە ئارقا — ئارقىدىن

غەربكە كۆچۈپ بارغان دېڭىزچىلار، جۇيە ئىشلىگۈچىلەر، شەن-خۇە ئىشلىگۈچىلەر، لۇڭخۇلىشىدىغانلار، توخۇ باقىدىغانلار، يەن چېلىقلار، داشىيا-ڭىزلار، شۇندىقلا ئۇيسۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ھونلار قاتارلىق قەبىلىلەر بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر توپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار ئاللىبۇرۇنلا تارىخشۇناسلار، مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.

قەدىمكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقى شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئىنسانلارنى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىغا تەبىئىي ھەم ئىختىيارىي ئاساستا يېقىنلاشتۇردى ۋە بىرىكتۈردى. بۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئىگىلىكىنى غەربىي دۇنياغا ئېلىپ كىرگەن ھەم ئۆزلىرى غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرگەن ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزگەن، بۇ كېيىنچە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلغان مەڭگۈ ئاجرالمايدىغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان.

يىپەك ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيادا داڭ چىقارغان ئېلىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن غەربىي دىيار ئارقىلىق، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغىچە يەتكۈزۈۋاتقان پۇرسەتتە، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى قاشتېشىمۇ كۆپلەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ كېتىلگەن. بۇ، جاڭ چيەننىڭ «يوچۇق ئېچىشى» دىن ئۇزۇن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. 1976-يىلى قىشتا، خېنەن ئەنياڭنىڭ يىن خارابىلىرىدىكى «سادىق كېلىن قەبرىسى» دىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىق-

لار بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى پادىشاھ يىن ۋۇدىڭنىڭ جۆرىسىنىڭ قەبرىسى ئىـ
دى. قەبرىدىن قېزىپ ئېلىنغانلار ئىچىدە مۇراسىم سايمانـ
لىرى، ھۆرمەت جابدۇقلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ئەسۋابـ
لىرى بىلەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاساس قىلغان قاشتېـ
شى بۇيۇملىرى بولۇپ، 756 گە يەتكەن، بۇلار بارلىق قېزىپ ئېـ
لىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 39.2 پىرـ
سەنتىنى ئىگىلەيدۇ. رەڭگى سۈزۈك قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ياـ
ساش ھۈنىرى ۋە پارقىرىتىش تېخنىكىسى جەھەتلەردىن شۇ
دەۋردىكى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. مەملىكەت ئىـ
چى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە،
بۇ قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ تاش ماتېرىياللىرى شىنجاڭنىڭ
قاشتېشى ماتېرىياللىرى ئىكەن، بەلكى ھەممىسى كۈنلۈن
تېغى ئېتەكلىرىدىكى خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈـ
رۈلگەنىكەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن يىپەك بۇـ
يۇملار، سىرلانغان بۇيۇملار، كەشتىلەنگەن بۇيۇملار، ئالـ
تۇن، كۈمۈش، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە مىس بۇيۇملىـ
رى دېگەنلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىـ
لىشى ھەددى - ھېسابسىز. مەسىلەن: سالىنامە دەۋرىگە، ئۇرۇشقاق
بەگلىكلەر دەۋرىگە ئائىت ئالتايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن
چىققان سۇمرۇغنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك يىـ
پەك بۇيۇملار بىلەن ئالغۇي جىلغىسى، قۇمۇل بەشتۇتەگـ
دىن چىققان سىرلانغان ئەسۋابلار، مىس ئەينەك قاتارلىق بۇـ
يۇملار بىر مەھەل جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە پۈتكەن «يىجۇ مەكتۇپلىرى، ۋائىخۇي ئىمزا ھاتى» نامىلىق كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، جۇۋۇۋاڭ جازا يۈرۈشى قىلغاندا بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن. شاڭ خاندانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، جۇچىڭۋاڭ ئاچقان تۆھپىنى تەنتەنە قىلىش مۇراسىمىدا، پامىرنىڭ شەرق ۋە غەربىدىكى ھەر قايسى كىچىك دۆلەتلەردىنمۇ كېلىپ مۇبارەكلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە فەرغانە (بۈگۈنكى پامىر ئەتراپلىرى) دىن سوۋغا قىلغان يولۋاس - يىلپىزلارنى تۇتۇپ يەۋېتىدىغان ئۇچقۇر قاپلان، كۆئېنلۈن قەبىلىسىدىكىلەر ئىنئام قىلغان كۆك قاشتېشى بار، يەكەنلىكلەر «تۆگە، ئاق قاشتېشى، ياۋا ئات، قولان، خېچىر، ئېسىل كامان قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلغان». غەربىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھى مۇۋاڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 976- يىلدىن 922- يىلغىچە) «زاۋفۇغا ھارۋا ھەيدىتىپ، غەربنى كۆزدىتىشكە بېرىپ، شىۋاڭمۇنى كۆرگەندە خۇشاللىقىدىن قاشتېشىنى ئۇنتۇغان» («تارىخنامە، جاۋشى ئائىلىسى» دىن). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاكى شىنجاڭنىڭ ئەك جەنۇبىغىچە بېرىپ «كۆئېنلۈن تېغىنىڭ ئېتىكىدە، قىزىل دەريانىڭ شىمالىغا بارگاھ تىككەن......، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەكرىتۇت كۆئېنلۈن تېغىغا چىقىپ، پادىشاھ ئوردىسىنى كۆزەتكەن» («مۇتيەنزى تەزكىرىسى» نىڭ ئىككىنچى جىلىتىدىن). غەرب سەپىرىدە، مۇۋاڭ يەنە يول-بويلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى، جەشۇت، قىزىل كۈمۈلاچ قاتارلىق بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلغان. يەنە سەدەپ زىننەت بۇيۇملىرى، سەدەپ كەمەر قاتارلىق

ئەينى چاغدىكى داڭلىق نەپىس بۇيۇملىرىنىمۇ ئالاھىدە ھە-
دىيە قىلغان. شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كۆلى بويىدىكى بۇرۇنقى
قەبرىستانلىقتىنمۇ، ئاۋۋالقى چىن مەزگىلىگە ئائىت بولغان
شەرق ۋە جەنۇبتىكى دېڭىز بويلىرىدىنلا چىقىدىغان قۇلۇلە
قېپىمۇ بايقالغان. قارىغاندا ئۇ بىر خىل تەسادىپىي ھاس
كېلىپ قالغانلىق بولماستىن، بەلكى، قەدىمكى زاماندىكى ر-
ۋايەتلەرنىڭ رېئاللىقتىن ئاساس تاپقانلىقى بولسا كېرەك.

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، رىۋايەتلەردە ئېيت-
تىلغان يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچ-
كىرىدىكى ئالاقىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە بولىدىغان تارىخىمۇ بار.
تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، سېرىق ئەۋلىيا دەۋرىدە، ۋەزىر
لىڭلۇن مۇزىكا رېتىمىنى بېكىتىش ئۈچۈن كۇئېنلۇن تاغ
ئېتىكىدىكى «جيشي جىلغىسى»غا كېلىپ ئۇسلۇب ئالغان، يەرلىك
كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى توققۇز سۇڭ كېلىدىغان بامبۇك نە-
سوۋغا قىلغان. بۇ نەي «ئالتە ئاۋاز، ئالتە تەكەش» نى ئورۇنلا-
يالايدىكەن. لىڭلۇن نەينى ئېلىپ خوشاللىق بىلەن قايتىپ، ئوت-
تۇرا، تۈزلەڭلىك ئۈچۈن مۇقام تۈزگەن. يەن، شاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە، شىنجاڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى
ئورغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر پات - پات شاڭ سۇلالى-
سىنىڭ پايتەختىگە بېرىپ قۇتلۇقلاپ «ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا،
ئۇسسۇللىرىنى تەقدىم قىلغان». يەنە جۇ مۇۋاڭ غەربكە ساياھ-
ھەت سەپىرىدە، «كۆل ئۈستىدە قەدەھ كۆتۈرگەنىدە، شى ۋاڭمۇ
شاھانە نەزمە ئوقۇغان، ۋاڭ دەرھال مۇشائىرە قىلغان»
(«لېزى، مۇۋاڭ قىسسىسى» دىن)، تەخىرقوت ئالۇ بەگلىكىدە

«ئاق بۇغىنى جەنۇبقا قارىتىپ نەزەر قىلىپ، كەڭ كۆشادە كۆكۆل ئاچقان» («يۇتكەنلەردىن تېپىلغانلار» دىن) دېگەن خاتىرە بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇ ئوردىسى بېكىتكەن «ئالتە دەۋر ئۇسسۇلى»، بولۇپمۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكى «تۆت ئەۋلاد مۇزىكىسى»، شۇ چاغداۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان. شۇڭلاشقا، دۇڭخۇاڭ قەبرىستانلىقىدىكى 423 چى ئېگىزلىكتىكى ئۆڭكۈر تېمىغا شى ۋاڭمۇ بىلەن جومۇۋاڭنىڭ بىرگە تۇرغان سۈرىتى سىزىلغان.

ئەگەر، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ يىراق قەدىمكى مەزگىللەردىكى مۇناسىۋەتنى تېخى ۋايىغا يەتكەن بولماستىن، يەنىلا ئىستىخىيىلىك ھالەتتە ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، چىن، خەن سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز كۆلىمى ھەقىقىي تىكلەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن بۇ مۇناسىۋەت ئاكتىپلاشقا ئايلاندى ھەم مۇقىملاشتۇرۇلدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بىلگە تۆرىسى جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە كېلىپ بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن يېڭى بىر نامايەندە تىكلەپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ زىچ ئالاقىسى، دوستانە كېلىپ-بېرىشى ئۈچۈن يېڭى دەۋر ئاچتى. ئېلىمىزدە «خەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن» مەزگىلى، يالغۇز ئىچكىرىدىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ قۇدرەت

تاپقان دەۋرى بولۇپلا قالماستىن، چېگرا رايونىدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىچكىرىدىكى خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق كۈللەپ كۆچەيگەنلىكىنىڭ ئۇلۇغ رېكوردى ئىدى.

غەربىي خەن دەۋرىدە، ئىچكىرىدىن غەربىي دىيارغا كېلىدىغان «ئەلچىلەرنىڭ باش - ئايىغى بىر بىرىگە كۆرۈنەتتى، كۆپ بولغاندا بىر قانچە يۈز كىشى، ئاز بولغاندا يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئىدى.» شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە، «تېخىمۇ كۆپىيىپ مۇنبەت دالا ئېكىنزارلىققا ئايلاندى، يول ئېغىزلىرىدا پوچتا بېكەتلىرى قۇرۇلدى»، ھەر كۈنى ئۆتەك ئارا قاتنايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى؛ «سودىگەرلەر، مېھمانلار ھەركۈنى چېگرا رايونىغا كېلىپ تۇراتتى» («كېيىنكى خەننامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى») غان ئەھۋال شەكىللەنگەن. ھەتتا «غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەردىن تاكى كۈن پېتىشتىكىلەردىن تارتىپ تەلپۈنمەيدىغىنى يوق؛ چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال - خورام، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئولپان تۆلەپ تۇراتتى» («كېيىنكى خەننامە، بەنچاۋ تەزكىرىسى») غان مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. كېيىنكى ئۈچ دۆلەت ھەم ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك گېجۇ ھالىتىدە تۇرغان مەزگىللەردىمۇ بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويمىغان. «جۇنامە» دە خاتىرىلەنگەن ئەينى چاغدىكى غەربىي دىيارنىڭ «سودىگىرى 240، خېچەرى 600، تۆمەنىڭ خىلدىكى رەڭلىك يىپەك، شايى قاتارلىقلارنى ئارتقان» بىر تارماق سودا كارۋىنىنىڭ

خېشى رايونىدىكى چەك قالايمىقانچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توگۇخۇن رايونى (بۈگۈنكى چىڭخەينىڭ چېگرىسى ئىچىدە) نى ئىلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنلىكى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. سۈي سۇلالىسى غەربتە مەخسۇس ئەلچى تەسىس قىلىپ «دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە سودا ئىشلىرىنى ئىگىلەپ» غەربىي دىيار بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىكى بېرىش كېلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەن. تاڭ دەۋرىدىن كېيىن يىپەك يولى خەلقئارا سودىنىڭ ئىسسىق لىنىيىسىگە ئايلانغان، بۇنى ھەممە كىشى پىششىق بىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ سۇڭ دەۋرىدە، بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوخشاشلا ئىچكىرى بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. قاراخانىلار سۇلالىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، رەسمىي تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 933- يىلىدىن 1068-يىلىغىچە، شىمالىي جۇڭگودىكى لياۋ سۇلالىسىغا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 16 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن؛ سۇڭ، ۋاڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئالاقىدە 1009 - يىلىدىن 1088 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 50 نەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بەزىدە بىر يىل ئىچىدە بىرقانچە قېتىم ئەۋەتكەن. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «قوڭغۇر يەر يىپەكنى يېشىل تورقىنى، تاۋغاچ رەختنى يايدى قىتان كارۋىنى»؛ «توزۇ تىماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى، قەيەردىن كېلەتتى تۈمەنچىل ئاغى؟» دەپ يازغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلغان. «يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە «غەربىي دىيارلىق سودىگەرلەر شەرقتىن قايتاتتى، تەيزۇ شاھزادىسى نويانىنى ھەربىي مەبلەغ چىقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپ ئەگىشىپ بېرگە غەربكە بېرىپ يەرلىك ماللارنى سېتىۋېلىپ كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ماڭغانلار 400 دىن ئارتۇق بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى»؛ «خۇيخۇي سودىگەرلەر تامغىلىق نەكتۇپ تۇتۇپ، يولۋاس باشلىق تۇمار تاقاپ، ئاتقا مىنىپ، نام-شۆھرەت تىلەيدۇ»؛ «سودا-سېتىقچىلار نەچچە تۈمەن، ئۇلار مەندۇك بىلەن خېبېي ئارىسىدا قاتناپ يۈرىدۇ» («مىڭدا ئەسلەتمىسى» دىن).

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسمىي تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارنىڭ ئىچكىرى بىلەن بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى تولىمۇ كۆپ بولغان، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يەكەن خانلىقىنىڭمۇ ئىچكىرى بىلەن بېرىش-كېلىشى ناھايىتى كۆپ بولغان. 1972-يىلى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىدە لەخمە قازغاندا، بىر دانە ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن مېيىس ئىسرىقدان قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەندى يىلى ياسالغان» دېگەن خەتلەر ناھايىتى ئېنىق ئويۇلغان ئىكەن. مۇئەللىپ ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلسەك، بۇخىلدىكى باردى-كەلدى مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ قاتار- لىق جايلار سودا-سېتىقنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سىچۇەن، شەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودى- گەرلەر بار ئىدى؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئىچكىرىدىگە بېرىپ تىجارەت قىلىدى- غانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئەينى چاغدا پەقەت سۇجۇدىلا بۈگۈن- كى جۇچۇەن، قەشقەردىن كەلگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار «مەخسۇس تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، كۆپىنچىلىرى شۇ جايدا توي قىلىپ بالىلىق بولۇپ قالغان، ئۇلارنى ئۆيچىرىمۇ ئالغانلىقتىن شۇ يەردە قېلىپ، تەدرىجىي ھالدا يەرلىكلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەن» («ئېپىنىۋۇنىڭ كېدانلارنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» دىن).

سودا تىجارەت جەھەتتىكى بېرىش - كېلىش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ باشقا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەت- تىكى بېرىش-كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرى- دىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەر غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئېشەك، خېچىرلىرىنى كىرگۈزۈپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلى- دۇرغان. ۋېي، جىن دەۋرىدە، شىنجاڭ ئىچكىرىنىڭ ئىلغار بول- غان يەر ھەيدەش، ھەم سۇغۇرۇش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىچكىرىدىكى كاۋلياڭ، خۇا- سىڭ، كۇنجۇت، بىدىيان ھەم كۆپ خىل يەل - يېمىش، سەي - كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ، چىن، خەن دەۋرىدىن كېيىن كىرگۈزۈلگەن. بولۇپمۇ پاختا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن

تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە
تېرىلغانىدى، ئىچكىرىدە بولسا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن
كېيىن ئاندىن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇقلۇق كىرگۈزۈشكە باشلىغان،
بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى «بەيدى» دەپ ئاتىشاتتى، ئەمەلى-
يەتتە بولسا تۈركچە «پاختا» دېگەن سۆزنىڭ ئاڭ تەرجىمىسى
ئىدى. ئۇندىن باشقا، مەسىلەن: هاراق ئىشلەش بىلەن ئۇن
تارتىش ئۇسۇللىرىمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىيار-
دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، بۇغداي ئاندىن
شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا
ئايلانغان. قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭ خەلقى يۆلەنچۈك-
لۈك بەندىگە يەردىن ئېگىز ئولتۇرىدىغان سايمانلىرىنى
بۇرۇنلا ئىشلىتىشكە باشلىغان، بۇلار شەرقىي خەن سۇلا-
سىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان
(بۇ چاغدا خۇلار كارۋىتى دەپ ئاتالغان)، شۇندىن باشلاپ
ئىچكىرىنىڭ يەردە ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئادىتى تەدرىجى
ئۆزگەرگەن. بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلى، نىيە قاتارلىق جايلار-
دىن بايقالغان گۈل نەقىشلەنگەن ياغاچ يۆلەنچۈكلۈك ئو-
رۇندۇق ئېلىمىزدە بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى يۆ-
لەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىن ئىبارەت. خەن، جىن مەزگىللىرىدە
ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت
بۇيۇملىرى بىلەن يېمەك - ئىچمەكتە ئىشلىتىدىغان قاچا-
قۇچىلىرى شىنجاڭغا كىرگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە تۇرپان،
لوپنۇر كۆلى، نىيە قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان نۇر-
غۇنلىغان ياغاچ تاغاق، مىس ئەينەك، سىرلانغان پەداز قۇ-
تىسى (مىس ئەينەك قاچىلايدىغان قۇتا) قاتارلىق تارىنىش،

ۋېدە ئازسا يىمانلىرى بىلەن ياغاچ قوشۇق، سىرلانغان قوشۇق، ياغاچ لېگەن، چوكا، قازان، ساپال قازان قاتارلىق يېمەك-ئىچمەككە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ياكى ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە ياكى ئىچكىرىدە ياسالغان بۇيۇملارغا ئاسارەن تەقلىد قىلىپ ياسالغان.

[illegible] مەدەنىيەت جەھەتتە، شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا خەنزۇچە تىل-يېزىقنى قوللىنىشقا باشلىغان، ئەينى چاغدا غەربىي دىياردىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى «تىلماچ بەگ» ئەمەلىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى بۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭلىق كەكىمىرنىڭ شېئىر-نەزمىلىرى، بۇ تىپتىكى «مۇھاكىمە ۋە بايان» دىن كەچۈرمىلىرى، ئىشۈندا قالا تاڭ جىگلۇگىنىڭ 4 - يىلى يېزىلىپ چىققان «مۇھاكىمە ۋە بايانغا جىگىشنىڭ ئىزاھاتى»، جىنلىقلارنىڭ يازغان «ئۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق پارچىلىرى تولىمۇ ياخشى ئىسپاتتۇر. شىنجاڭ رايونىدىكى بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرى ئىچكىرىدىمۇ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: كۇچارلىق كۇماراجىۋا بىلەن سۇلېيلىق پىرخۇيلانىڭ ئىچكىرىدە خېلى نامى بارلاردىن ئىدى. باش راھىپ پىرخۇيلان چاڭئەننىڭ غەربىدىكى نۇرلۇق ئىبادەتخانىسىدا «ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» دېگەن ئىبارەت يۈز توملۇق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب تاكى بۈگۈنگىچە مەدەنىيەتنىڭ گۆھىرى دەپ ئاتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياپونىيە، چاۋشيەن قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىغىچە تارقالغانىدى. ساروس،

گوھىيونىڭ قاتارلىق ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكىرىدىكى مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان.

خەنسۇلاردىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، ئۇسۇل-لىرى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىچكىرىگە كىر-گۈزۈلدى، پەقەت «ماتېرىياللار ئۈستىدە ئومۇمىي تەتقىقات»-نىڭ مۇزىكىدىن تەتقىقات قىسمىدا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي دىياردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان چالغۇ ئەسۋاب-لىرى بىر قانچە ئون خىلدىن ئاشقان. مەسىلەن: نەي، بەر-باپ، غىجەك، ناغرا، بەلدۇمبىقى، غوڭقا، بالامان، سۇناي قاتارلىقلار؛ مۇزىكىلىق ئۇسسۇل ئىچىدە كۇسەن (كۇچار) مۇ-زىكىسى، سۇلې مۇزىكىسى، ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكىسى، قومۇل مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى قاتارلىقلار ئىچكىرىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر راۋاجلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يېڭىدىن كېلىپ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەدەبىي-سەنئەت تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ-نى بۈگۈنگىچە پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق بولغان ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىغا ئايلاندۇرغان.

## مۇستەھكەم بۇزۇلماس سىياسىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

ئېھتىمال بەزىلەر يالغۇزلا ئىقتىسادتا، مەدەنىيەت جە-ھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ بولۇشىلا زېمىننىڭ تەئەللۇق بول-غانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە كەملىك قىلىدۇ، دەپ قارىشى

خۇمكىن. قەدىمدىن بۇيان بۇگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بۇ جەھەتتىكى ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەنلەر دىگۈدەك پۈتكۈل ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت. بۇ، پەقەت مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپىنى كۆرگەنلىكتىن ئىبارەت. لېكىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ زېمىنىغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ شەكىللىنىشى ئىككى مىڭ بىر يۈز نەچچە يىل ئىلگىرىكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا مۇقىملىشىپ بولغان، تارىخىي پاكىتلار قىلچىمۇ گۇمانلىنىشقا يول قويمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭى بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخىي ئالاقىسىدا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىككىلا تەرەپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ۋە كەم بولغان ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرغان بولسا، مەدەنىيەت جەھەتتە، مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر ياخشى بولغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرغان، بۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئېھتىياجى ئىدى. شۇڭلاشقا، چېگرا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەرباپلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، ئۇنى ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىكى ئالاقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىمۇ، بۇ خىلدىكى ئايرىلغىلى بولمايدىغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى سىياسىي جەھەتتىكى تەۋە بولۇش مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، چېگرا رايونلارغا قارىتا دائىملىق باشقۇرۇشنى يولغا قويغان.

بۇ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق مەنپەئەتى بىلەن ئورتاق تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

غەربىي خەننىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 140- يىلىدىن 87- يىلىغىچە)، ئىپادىمىزنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىغا قارىتا ئىلگىرىكىدەك ئومۇمىي قائىدىدىكى ئوردىغا سوۋغا ئەۋەتىش، ئىنئام بېرىش يولى بىلەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنىدى. ئەينى چاغلاردا جاۋ پۇنۇ، ياۋدىڭ خەنى، لى گۇاڭلى، فۇجېزى، چاڭ خۇي قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىغا ۋەكالەتەن غەربىي دىياردا بىر قاتار ھەربىي، سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. ئارىلىقتا تېخى شىجۈن مەلىكەم، جېيۇ مەلىكەلەرنىڭ ئۇيسۇنلار بىلەن تويلىشىشتەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەرمۇ بولغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 68- يىلىدىن كېيىن خەن سۇلالىسى جېڭ جى باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلارنى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 60- يىلى (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى) خەن سۇلالىسى جېڭ جېنى تۇنجى تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدە غەربىي دىيار تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى، غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى

ۋە جەنۇبىدىكى ھەم پامىر رايونىدىكى 36 كىچىك دۆلەتنى ئۆزىگە قارىتىپ، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىغان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر قايسى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە خەن سۇلالىسى رەسمىي تەيىنلىگەن ھەر خىل نامدىكى پادىشاھ، بەگ، تۆرە، گېنېرال، سەردار، تىلماچ قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار خەن سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىمىسى بىلەن مۆھۈرتاباستان بەلباغنى قوبۇل قىلغان. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باش سەردارلىرى 377 دىن كۆپرەك كىشىگە يەتكەن. ئەينى چاغدىكى بىر شەھەر ياكى بىر رايوننىڭ ھاكىمىيىتىنى «دۆلەت» دەپ ئاتايدىغان بۇ خىلدىكى ھادىسە تاكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ساقلانغان. خۇددى «مىڭ تارىخىنىڭ غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغىنىدەك زېمىنى چوڭلار دۆلەت دەپ ئاتالسا، زېمىنى كىچىكلىرى زېمىن دەپ ئاتالغان. بۇ شەكىل جەھەتتىن ئىچكىرىدىكى خان جەمەتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن بولغان بەگلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنى بىز بۈگۈنكى كۈندە چۈشىنىدىغان «دۆلەت» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە خاتا سىياسەت يولغا قويۇپ، غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنى بىرا قالا تۆۋەنلىتىپ تۆرە دەرىجىسىگە ئۆزگەرتكەنلىكتىن، ھەر قايسى ئەللەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن ھونلارغا ئېقىپ كېتىپ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان سىياسىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىر مەھەل ئۈزۈپ

قويغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە يەكەن بېگى ۋاڭ شىيەن خونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەربىي دىيارنى ئىگىلىۋېلىش قەستىدە بىرلىكنى پارچىلىغان. مىلادى 45- يىلى «بەشبالىق» نىڭ ئالدىنقى پادىشاھسى، پىچان، بەنجى قاتارلىق 18 دۆلەت ئوردىغا مەھرەم ئەۋەتىپ، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغان. قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن (خەنگۋاڭۋۇ قوبۇل قىلغان) كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، باش قويۇپ، تۇتۇق ھىراۋۇلغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان («كېيىنكى خەننامە» نىڭ غەربىي دىيار تەزكىرىسىدىن). غەربىي دىياردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك تەلەپى ئاستىدا، شەرقىي خەن مەركىزىي ھۆكۈمىتى بەنچاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتكەن، ئاخىرى غەربىي دىياردا قايتىدىن تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلار مەزگىلىدە (مىلادىيە 220 - يىلىدىن 589 - يىلىغىچە) ئىچكىرىدە گەرچە بۆلۈنۈپ كېتىشتەك تەپرىقىچىلىق ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەزى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن بوي سۇنۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. ئىچكىرىدىكى بۇ يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يالغۇز شىنجاڭدىلا غەربىي دىيار جاڭشىسىنى تەسىس قىلىپلا قالماي بەلكى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غەربىي دىياردىكى تۆرە، پادىشاھلارغا «ۋېيىنى ساقلىغۇچى دۇۋان ياساۋۇل بېگى»، دۇۋان

www.uyghurkitap.com

ياساۋۇل بېگىگە «چىن خاندانلىقىغا ئىخلاسمەن ئۇلۇغ بەگ» دېگەن مەرتىۋىنى بەردى. مىلادىيە 327 - يىلىدىن 422 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاۋۋالقى لياڭ، ئاۋۋالقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ، سۇڭ سۇلالىسى قاتارلىقلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى كۆپ بولغانىدى، غەربىي دىيارنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. شىمالىي ۋېي هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يالغۇز سۇلې دۆلىتىلا مىلادى 435 - يىلىدىن 512 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلگىرى - ئاخىر 15 قېتىم شىمالىي ۋېي هاكىمىيىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ بوي سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. گەرچە 480 - يىلدىن كېيىن سۇلې دۆلىتى يەنىلا ئىفتالىقلار (ئاق هونلار) تەرىپىدىن قول قىلىنغان بولسىمۇ، سۇلې دۆلىتى بىلەن غەربىي دىيار خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت قەلبى ئۆزگەرمىگەن. سۇي سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غەربىي دىياردا ئارا تۈرك ۋىلايىتى، پىچان ۋىلايىتى، چەرچەن ۋىلايىتى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە غەربىي دىيار شياۋۋېيسى تەسىس قىلىپ، غەربىي دىيارنىڭ هەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدا يۈكسەك مەركەزلىشىپ بىرلىككە كەلگەن مەركىزىي خاندانلىق ئىدى. غەربىي دىيارغا بولغان باشقۇرۇشىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن. مىلادى 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ تۇر-

پان (كېيىنچە كۇچارغا كۆچۈپ كەتكەن) دا ئەنشى تۇتۇق ھە-
راۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدى-
كى يول ۋە پامىرنىڭ غەربىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغان. 648 -
يىلى تاڭ سۇلالىسى يەنە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەنجى،
كۇچار، سۇلې، ئۇدۇندا دۇدۇ مەھكىمىسى ۋە ئوبلاست
تەسىس قىلىپ، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ باشسەر-
دارلىرىنى دۇدۇ ۋە ئوبلاست باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن.
702 - يىلى يەنە بەشبالىق باش تۇتۇق ھەراۋۇل مەھكىمە-
سىنى قوشۇپ تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، باغراش
كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆزىگە تەۋە
قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان
نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئەنشى، بەشبالىقتىن ئى-
بارەت ئىككى چوڭ تۇتۇق ھەراۋۇلنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان
(شىنجاڭدىن تېپىلغان بەشبالىق باش تۇتۇق ھەراۋۇلىنىڭ
مۆھۈرىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا چار پادىشاھىنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئوغۇرلاپ كەتكەن). تۇ-
تۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسى قارىمىقىدا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
يەنە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي تەشكىلاتلارنى تە-
سىس قىلغان. مەسىلەن: لەشكەر، باسقاق، قەلئە، قورۇقچى،
قورغان، مۇھاپىزەتچى، مەشئەل، لەنگەر قاتارلىقلار. ئۇلار
تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي
بۇيرۇقلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىجرا قىلغان. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت تۆھ-
پىلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ماخ-
تاپ «خىزمەت ئورنىنى ساقلاشتا بۇرچىنى ئادا قىلدى، ھۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەتتە ئوردا ئىچىدىكىدەك بولدى، ئۇرۇق-جەمەتلەرنى يېتەك-
لەپ چېگرا رايونىمىزنى قوغدىدى» دېگەن. («دىۋان مۇئەسسە-
سەسىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈكلىرى، خارجى ۋەزىر بۆلىكى») غەربىي
دىيارىدىكى ئورغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ باشلىق-
لىرى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن.

مىلادى 840 - يىلىدىن كېيىن ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ
شىمالىي قۇملۇق ئېگىزلىكىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلى-
لىرى كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈپ، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايو-
نىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىق دۆ-
لىتى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن ئۇ-
زۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىمۇ سۇڭ سۇلالىسى،
لياۋ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت بارلىققا كەل-
گەن. شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر ئىككىلا ھاكىمىيەت ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى ئىككى ھاكىمىيەتكە بېقىنىدىغانلىقىنى، يې-
قىنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن: ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىق دۆلىتى لياۋ سۇلالىسىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئور-
ناتقان ئارسلان بۈيۈك خاندانلىقىنى ۋە ئىدىقۇت بۈيۈك خان-
دانلىقىنى قوبۇل قىلغان. يەنە لياۋ سۇلالىسىنىڭ بەرگەن
بۈيۈك خانلىق مەنسەپلىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
بىرچاغدا يەنە كۆپ قېتىم سۇڭغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، سۇڭ سۇلا-
لىسى بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىسىنى كۈچەيتكەن. مىلادى
983 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن ۋاڭ يەندى باشچى-
لىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى سىياسىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قى-
لىپ قايتىدىغان چاغدا سۇڭ سۇلالىسىغا تەشەككۈر ئېيتىشقا
چىققان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىق دۆلىتىنىڭ ئەلچىلىر

ئۆمىكى 100 نەچچە كىشىگە يەتكەن. قاراخانىلار سۇلالىسى
بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇق ئىدى. قاراخا-
نىلار سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ھەر قېتىم سۇڭ
سۇلالىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بول-
غان. ئۇلار قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل
قىلغاندا سۇڭ سۇلالىسى جاۋابەن زور مىقداردا پۇل ۋە مال-
مۈلۈك ئىنئام قىلغىنىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئالتۇن كەمەر، كىم-
خاپ تون، جۇۋا، خاتىرە سوۋغىتى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ «جاۋابلىق مال تەق-
سىم قىلىش قانۇنى» تەسىس قىلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلە-
دۈرگەن. مىلادى 1107 - يىلى فىڭ شاڭنىڭ جىفۇسى بىد-
لەن تۈكپەنى قاراخانىلار سۇلالىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر
چېگرىدىن ئۆتكەندە ئورۇنلاشتۇرمىغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن
ئېلىپ تاشلاش، تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش جازاسىغا
ئۇچرىغان. يەنە مەسىلەن: قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ «سوۋغات-
چىسى»غا ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بوشاق - چۈششەك ئىش-
لارنىمۇ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دىۋان مەھكىمىسى «خانىنىڭ
ئەستىقلاپ بېرىشىگە سۇنۇلدى» دەپ خانغا مەكتۇپ سۇنغان.
بۇنىڭدىن سۇڭ سۇلالىسى قاراخانىلار سۇلالىسىغا ئەھمىيەت
بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادى 1603 - يىلى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قاغانى
تۇغرۇل مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپى، سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇ-
نىڭغا بەرگەن «سادىق ئىتائەتمەن ئالتۇن قاناتلىق قارا-
خان» دېگەن ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. 1081 - يىلى قارا-
خانىلار سۇلالىسىنىڭ قاغانى تاۋغاچ بۇغراخان، ھەسەن ئىب-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى سۇلايمانىنىڭ سۈڭ ھەزرىتى جاۋ شۈيخانىغا يازغان خېتىدە قارشى تەرەپنى «شەرقتىن چىققان قۇياشتەك كەڭ زېمىنغا باشپاناھ بولغان خان ئاغىمىز ۋە ئىگىمىز» دەپ ئاتىغان. چۈنكى بۇ خاندانلىقنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر قە-بىلىسىنىڭ قاغانلىرى تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە بىر قانچە ئەۋلاد تاڭ جەمەتىنىڭ مەلىكىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو سۇلالىلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تاغا» دەپ ئاتىشى «بەش ئەۋلادتىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى» نىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ («سۈڭ تارىخى، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»). مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەت بىلەن سىياسىي جەھەتتى-كى ئالاقە راستىنلا تارىخىي ئۇزارسىمۇ ئاجىزلاشمىغان! قا-راخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ئاتا - بو-ۋىلىرى ياشىغان شىمالىي قۇملۇقتىكى يايلاقلارنى ۋە كېيىنچە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەرنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان، گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا زېمىننى كېڭەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قارا-خانىلار سۇلالىسىنى جۇڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى دەپ قا-رىغان. ئالدىدا بايان قىلىنغىنىدەك، سۇلالىلارنىڭ قاغانلىق ئۇنۋانى «تاۋغاچخان»، ئۇنىڭ ئېنىق مەنىسى يەنىلا «جۇڭگونىڭ خانى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. مەزكۇر سۇلا-لە زامانىدا ياشىغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى «يۇ-قىرىتى چىن». قەشقەرنى مەركەز قىلغان سۇلالە زېمىنىنى «تۆۋەنكى چىن» دەپ ئاتىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو - چىندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئورتاق ئەزالىرىدۇر.

يۈەن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامۇر دەرياسى بىلەن بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى مۇپەتتىش ۋازارەتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. شۇ چاغدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن: يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى تۆھپىكار ۋەزىرى ئالىي ھايىيار، كۇاڭلۇ دافۇ بېگى خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان. ئۆلگەندىن كېيىن چۇ دۆلىتىنىڭ دۆلەت كىنەزى، جاڭلىڭنىڭ پادىشاھى دەپ تونۇلغان؛ ليەن شىشيەن قوبلەيخاننىڭ خانلىققا ۋارىسلىق قىلىشىدا ياردىمى بولغاچقا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە ئېرىشىپ جەلىڭ جاۋشۈەنئ يانتىاياق بولغان. ئۆلگەندىن كېيىن ۋېي دۆلىتىنىڭ دۆلەت كىنەزى، خېڭ ياڭنىڭ پادىشاھى دەپ تونۇلغان؛ يەھمىش يۈەن سۇلالىسى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ قورغۇچىلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر دېڭىزچى، مەنسەپى رۇڭلۇ دافۇ سىياسىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئىدى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋۇ دۆلىتىنىڭ دۆلەت كىنەزى دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلەن: گۈەن يۈنشى، ئارغۇن سالى قاتارلىق كىشىلەر، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى قىلغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ خېلى يۇقىرى تۆھپە كۆرسەتكەن.

ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا، چاغاتاي خانلىقى ئەۋلادلىرىنىڭ تالاش-تارتىشى تۈپەيلىدىن بىر مەركەزلىك پارچىلىنىپ تەپرىتچىلىق ۋەزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالا-
قىسى باشتىن – ئاخىر ئۈزۈلۈپ قالمىغان. قۇمۇل – مىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان مۇھىم بىر ئورگىنى. شۇ
چاغدا شىنجاڭدىكى شەرقىي چاغىتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى
تەسىس قىلغان ئەمىربالى ھاكىمىيىتى 1404 – يىلى مىڭ سۇلالە-
سىگە ياردەملىشىپ قۇمۇل قاغانى گۈيلىچ ئىسيانىنى باستۇ-
رۇپ، مىڭ سۇلالىسى چىڭگىزخانى جۇلىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئې-
رىشكەن. 1413 – يىلى تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلار
بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ يۈكلى خانىنى يوقلىغان؛ ئوردا
ئۇلارغا مۆھۈرلۈك مەكتۇپ، كىمخاپ، دۇردۇن قاتارلىق
نەرسىلەرنى بەرگەن.

چىڭ زامانىسىدىن ئىلگىرى، بۈگۈنكى شىنجاڭ بىلەن
ئىچكىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئالاقىسىنى ئالدىنقى قىسىمدا كۆپرەك بايان قىلدۇق. چىڭ
سۇلالىسى دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باش-
قۇرۇش ئاساسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي
ۋە شىمالىدا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جۇڭ-
غارلارنىڭ ئايرىم كاتتىباشلىرى، چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلە-
رىنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، جۇڭگونى بۆلۈۋې-
تىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ سۇيىقەستنى
قەتئىي تارمار قىلغان؛ ئارقىدىنلا 1759 – يىلى، يەنە تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ – كىچىك خوجىلارنىڭ
بۆلگۈنچىلىك ئىسيانىنى تازىلاپ، شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم
ئومۇميۈزلۈك قايتۇرۇۋېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك

بۈيۈك ئىشنى ئادا قىلدى. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويۇش ئۈچۈن، 1760 - يىلى، ئىلى-نىڭ خۇييۈەن قەلئەسىدە ئىلى جاڭجۈنى ھەمدە مۇئاۋىن دۇتوڭ، باشلامچى ۋەزىر قاتارلىق مەنسەپدارلارنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆزى-گە تەۋە قىلغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەردە سەنزەن ۋە-زىر تەسىس قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز چوڭ شە-ھەر (قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، كۇچار) نىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، يەنە ھەرقايسى جايلارغا ھاكىمبەگ باشچىلىقىدىكى يەرلىك بەگلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ، ئاپتونومىيىنى بىرگە يۈرگۈزگەن. 120 نەچچە يىلدىن كېيىنكى 1884-يىلى ئاندىن ئىلى جاڭجۈنىدىن ئىبارەت بۇ بىر دەرىجە ھەربىي مەھكىمە رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىچكىرى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلىپ ۋىلايەت، مەھكىمە، ئوبلاست، ناھىيىدىن ئىبارەت مەمۇرىي باشقۇ-رۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان. دۆلەت سىرتىدىكى بەزىلەر «دەلىللەپ» «شىنجاڭ» دېگەنلىك «جۇڭگونىڭ يېڭىدىن ئاچ-قان زېمىنى» دېگەنلىك دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئالەمنى بىر ئالدىغان ھەييارلىق. بۇنداق دېيىش تارى-خىي پاكىتلارنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى باشقىچە غە-رەزدە بولغانلىق.

# تىللاردا داستان بولغىدەك ۋەتەننى قوغداش كۈرەشلىرى

ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى بولغان شىنجاڭ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت توپلاشقان جاي؛ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئورۇن سۈپىتىدە ئەزەلدىنلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەم چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە پائال قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى قۇرۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىنى قوغداش كۈرىشى، بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى بولۇپ كەلدى. تىللاردا داستان بولغۇدەك سان - ساناقسىز كۈرەش قىلغان ئىشلار شىنجاڭ تارىخىي ئۈچۈن شانلىق سەھىپىلەرنى يازدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان ھون كۈچلىرىنى تازىلاپ، غەربىي دىياردىكى يىپەك سودا يولىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەنچاۋ باشچىلىقىدا 36 كىشى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كېلىپ، پىچان (بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي)، ئۇدۇن، سۇلې قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلغان. مىلادى 76- يىلى خەن پادىشاھىنىڭ ئالمىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھونلار شىمالىي يىپەك يولىدىكى يەنجى، كۇچاردەك ئايرىم كىچىك دۆلەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتەردى، غەربىي دىيارنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەۋپ ئاستىدا قالدى،

سۇلېنىنى ساقلاۋاتقان بەنچاۋ، خاندانلىقىنىڭ قايتىپ
كېلىشىگە تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدىكى يارلىقىنى تاپشۇ-
رۇۋالغان. سۇلې دۆلىتىنىڭ دۇۋدېسى لىيەن ئىچ ئاغرىت-
قان هالدا «خەن ئەلچىلىرى بىزدىن ۋازكېچىپتۇ، مەن
كۇچارلىق ئىزچىن ئۆزەمنى هالاك قىلىمەن، سەمىمىي هالدا خەن
ئەلچىلىرىنى كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايمەن» دېگەن («كې-
يىنكى خەننامە»، بەنچاۋ تەزكىرىسى»دىن). شۇنىڭ بىلەن قىلىچى-
نى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قەلبىنىڭ روشەنلى-
كىنى ئىپادىلىگەن. بەنچاۋ خوتەنگە بارغاندىن كېيىن،
«ۋاڭ، غوجاملاردىن تۆۋەنلەر بىردىنلا تازا هۆكىرەپ يىغلاپ
تۇرۇپ ‹خەن ئەلچىلىرىنى ئاتا - ئانىمىزدەك كۆرۈپ كەل-
دۇق، قايتىپ كېتىشىگە رايىمىز بارمايدۇ› دەپ بەنچاۋنىڭ
ئېتىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭغۇزمىغان» (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش).
بۇنداق سەمىمىي مۇھەببەتلىك كەتمەسلىك تەۋسىيەلىرى-
نى كۆرگەن بەنچاۋنىڭ شەرققە يىراقلاپ كېتىشىگە رايى
بارماي، قەتئىيلىك بىلەن قىسىملىرىنى باشلاپ سۇلېغا قاي-
تىپ كەلگەن. غەربىي دىياردىكى هەر مىللەت خەلقى، بولۇپ-
مۇ سۇلې دۆلىتىدىكى ئارمىيە - خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن
قوللىشى ئاستىدا، مىلادىيە 78 - يىلى قۇم (بۈگۈنكى ئاق-
سۇ) دۆلىتىنى، يەكەننى قايتۇرۇۋالغان. 80 - يىلى هون-
لارغا هەمنەپەس بولغان سۇلې دۇۋدېسى پەنجىنىڭ ئىس-
يان كۆتۈرۈش سۇيقەستىنى تارمار قىلغان. 84 - يىلى
خەن سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇن-
غان يەكەن دۆلىتىگە هۇجۇم قىلىپ، يەكەن تەرەپ بىلەن
مەخپىي تىل بىرىكتۈرگەن سۇلې ئاسىيلىرىنى قوغلاپ چىقارغان.

86 - يىلى يەنە تىرىلىشكە ئۇرۇنغان سۇلىيلىق سەركەردان ئاقسۆڭەكلەرگە يوقىتىش خاراكتېرلىك زەربە بەرگەن. 87 - يىلى جەنۇبتا يەكەننى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالدا كۇچارغا زەربە بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل غەربىي دىيارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن؛ 90 - يىلى بەنچاۋ ماھىرلىق بىلەن پىستۇرما ئىشلىتىپ ئاز ئادەم بىلەن كۆپ ئادەم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزىنى چېكىندۈرگەن؛ 91 - يىلى غەربىي دىيارنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

بەنچاۋنىڭ غەربىي دىيارغا كىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىلادىيە 74 - يىلى شەرقىي خەننىڭ داڭلىق سەركەردىسى گىڭ گۇڭ غەربىي دىيارنىڭ شىياۋۇلىقىغا تەيىنلىنىپ، كېيىنكى قوش خانلىقنىڭ مەركىزىدە تۇرغاندا، ھونلارنىڭ زور ئەسكىرى كۈچى تەرىپىدىن سۇلى قەلئەسىدە (ھازىرقى گۇچىنىڭ ناھىيىسىدىكى تاش قەلئە ئىزى) قورشاۋدا قالغان. ھون ئەسكەرلىرى سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شەھەر ئىچىدىكى ئارمىيە - خەلقنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولغان. گىڭ گۇڭ باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى قەلئە ئىچىدىكى ئازسانلىق ھالەتتە ئاھالىسى بىلەن بىرگە جاپا - مۇشەققەتتە قەتئىي ساقلاپ، ئات تېزەكلىرىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان. كېيىن ئۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قۇدۇق قېزىپ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ ھونلارنى چېكىندۈرگەن.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مىڭ نەچچە كىشىلىك خەن قوشۇنىدىن ئاران 26 ئەزىمەت قالغان، ئۇلار مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت بىلەن يېزىمىنگەنگە يېتىپ بارغاندا، يول ئۈستىدىكى ئاچارچىلىق، سوغۇق دەردىدىن پەقەت «كېيىملىرى تىتما كاتاك بولۇپ كەتكەن، قۇرۇق قاقشالغا ئوخشاپ قالغان 13 ئەسكەر قالغان.»

تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان توبوت ھاكىمىيىتى تەكرار-تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كىچىك بولور دۆلىتى (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى گىلگىت ئەتراپى، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تىنچلاندۇرۇش قوشۇنلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان) نى ئىشغال قىلىشقا،ش ئارقىلىق شىمالدا ئەنشىدىكى 4 بازارغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي دىيارنى تەھدىت قىلىشقا ئۇرۇندى. مىلادى 722 - يىلى بەشبالىقتا تۇرۇشلۇق جېدۇشى جاڭ شاۋخۇڭ سولى ئارمىيىسىنىڭ فۇشى (مۇئاۋىن قوماندانى) جاڭ سىلىغا بۇيرۇق چۈشۈردى، جاڭ سىلى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت بىلەن خەن قوشۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان 4000 كىشىلىك چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ، توبوتنىڭ ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارمار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلغىچە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مىلادىيە 739 - يىلى كۈزدە، ئەرەبىي (ئەرەب) قاتارلىق تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توقماق بىلەن تالاس شەھىرى (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تالاز شەھىرى) نى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان تۈركەش

قەبىلىلىرى تۇۋپىلاڭ كۆتەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى جېدۇشىسى گەيجىيا يۈن سۇلې جېنىنىڭ قۇرغۇچىسى فۇمىڭلىگىنى خىلىلانغان ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە يۆتكەپ تۇۋپىلاڭچى قوشۇننى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، بۇرۇن ئەرەبلەر ۋە تۈركىشلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ باش قويدۇردى. مىلادىيە 747 - يىلى تۇبوتلار يەنە بىر قېتىم كىچىك بولورنى ئىگىلىۋالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن دۇخۇسى گاۋ شەنجى سۇلې، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي، خەنزۇ قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ، هازىرقى پاكىستانىڭ شىمالىدىكى دالكوت تېغى ئېغىزىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر مەيدان «دالكوت ئۇرۇشى» قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «فەرەڭ (قەدىمكى رىم)، ئەرەبي، قوۋارلاردىن ئىبارەت 72 دۆلەت بۇ ھەيۋەتتىن قورقۇپ تەسلىم بولغان» («يېڭى تاڭنامە، گاۋجۇشيەن تەزكىرىسى» دىن). ئەنشى تۇۋپىلاڭدىن كېيىن، تۇبوتنىڭ كۈچلۈك ھەربىي ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، مىلادى 784 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەنشى، بەشبالىق ئىككى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىلىرىنى پۈتۈن سەپ بويىچە ئىچكىرىگە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلغان. لېكىن غەربىي دىيارنى ساقلاۋاتقان تاڭ قوشۇنلىرى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئارمىيە-خەلق تەسلىم بولۇشقا يول قويۇشقا ئۇنىماي، يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان. تاڭ راھىبى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، تاكى مىلادىيە 789 - يىلى ئۇ ھىندىستاندىن قايتقاندا، يەنىلا سۇلېدا پادىشاھ پېيلىكلىك ۋە قورۇقچى

ئەمەلدار لو ياڭىنى كۆرگەن. ئۇدۇنغا بارغاندا ئۇدۇن پادىشاھى يۈچىياۋنى قورۇقچى ئەمەلدار جىڭ جۈيىنى كۆرگەن. كۇچارغا بارغاندا كۇچار پادىشاھى چاڭ خۇەن، ئەنشىنىڭ باش تۇتۇق دىراۋۇلى، تۆت شەھەرنىڭ جېدۇشى گو شىنىنى كۆرگەن. يەنجىگە بارغاندا پادىشاھ لۇڭرۇلىن، قورۇقچى ئەمەلدار ياڭ دىفۇنى كۆرگەن؛ بەشبالىقتا جېدۇشى، خان تارىخچىسى ياڭ شىگۇنى كۆرگەن. مانا بۇلار ئىككى باش تۇتۇق دىراۋۇل مەھكىمىدىكى ھەر مىللەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئەڭ خەتەرلىك پەيتتىمۇ يەنىلا ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، ۋەتەننىڭ غەربىي زېمىنىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى زامانىدا، شىنجاڭدا، بولۇپمۇ تەڭرى-تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر مىللەت ئامما-خەلق، بىر ئەسىر-دىن كۆپرەك بۆلۈنۈش بىلەن بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش، تا-جاۋۇز قىلىش بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبا-رەت جاپالىق كۈرەشنى بېشىدىن كەچۈردى. 1755 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلاردىن چوڭ-كىچىك خوجىلاردىن بۇرھانىدىن بىلەن غوجى جاھان ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن چىڭ ئارمىيىسىنىڭ قول-لىشىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. 1757 - يىلى چوڭ-كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىغا يۈز ئۆرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەپ-رىق قىلىشقا ئۇرۇنغان، لېكىن ئىككىيلەننىڭ ئۆز تاغىسى ھۆسەيىن، پارس ۋە نەۋرە ئىنىسى تۇردىلار كەسكىن

ھالدا توسقان. چىڭ ئارمىيىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى ۋە يەكەننى قورشاپ يوقىتىشقا باشلىغاندا ئۇلار كۈچ چىقىرىپ چىڭ ئارمىيىسىگە ياردەم قىلغان. 1762- يىلى چەنلۇڭ خان تۇردىغا «قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن دۆلەتكە مۇناسىپ ئەزىمەت» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن ھەمدە ھۇسەيىن ۋە پارىس قاتارلىق كىشىلەرنى بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ كېتىپ ناھايىتى يۇقىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلغان. تۇردىنىڭ سىڭلىسى چەنلۇڭ تەرىپىدىن ئوردىغا تاللىنىپ توقال خانىشلىققا كۆتۈرۈپ، ئوردىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان.

1759- يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلار بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستانىدا) غا قېچىپ بېرىۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. 1820- يىلى بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر قوقان دۆلىتى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، چازىدىن ئۆتۈپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىغا دۈشمەن ئەھۋالىنى ئالدىن بىلەن دوكلات قىلغان كىشى دەل چېگرا رايونىدا تۇرۇشلۇق قىرغىزلارنىڭ سەردارى سۇرانچى بولدى. 1826- يىلى 7- ئايدا جاھانگىر ئۈچىنچى قېتىم چازىدىن ئۆتۈپ قەشقەرنى قورشىۋالدى، شۇ چاغدا قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلاۋاتقان ھاكىمبەگ ئەمەت سايىت شەھەردىكى نەچچە ئونمىڭ ئۇيغۇر ئاممىنى باشلاپ قەيسەرانە قارشى تۇرۇپ، ئون كېچە - كۈندۈز قەتئىي ساقلاپ، ئاخىرى تەڭ كېلەلمەي شەھەر ۋەيران، ئۆزى

ھالاك بولغان. كېيىن قوقاننىڭ ئۈچ مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇنى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھىرى (يەنى يۇمىلاق شەھەر) نى قورشىۋالغان، شەھەر ئىچىدىكى چىڭ ئارمىيىسى ۋە سىچۇەن، شەنشى، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سېپىلغا تايىنىپ زەربە بېرىپ چېكىندۈردى. جاھانگىر جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى سۇ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىپ قىزىل دەريا سۈيىنى توسۇپ، شەھەرنى سۇغا باستۇرۇشقا ئۇرۇندى. دەل مۇشۇنداق قىل ئۇستىدە تۇرغان پەيتتە، خۇنەن چاڭشالىق چىڭ ئەسكىرى خۇاڭ رېڭشاڭ سېپىل ئۈستىدىن باتۇرلۇق بىلەن سۇغا كىرىپ داۋىندىكى شېغىل تاشلارنى ئىچىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتى بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغان. خۇاڭ رېڭشاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى چار ئەۋلىيا (تۆت تەرەپنىڭ ئەۋلىياسى) دەپ ئاتىغان. جەنۇبتىكى خوتەندىن تارتىپ، شىمالدىكى غۇلجىغىچە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئون نەچچە ناھىيىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ «چار ئەۋلىيا» بۇتخانىسىنى ياسىغان. مىللەت ئايرىماستىن ھەممەيلەن ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ «بەس-بەستە ئىسرىق سېلىپ» ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ياخشى ئوغلىنى ئەسلىگەن.

1830- يىلى جاھانگىرنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ، قوقان دۆلىتى ئارمىيىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغان. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا يەكەن قوشۇنىنىڭ يېتەكچىسى ۋەزىر

www.uyghurkitap.com

بېچاڭ شەھەر سىرتىدىكى ئاھالىلارنى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئاكتىپ ئىشلەشتى. يەكەندىكى ھاكىمبەگ ئابدۇراخمان شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى، يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارنى چاقىرىپ ئەل-يۇرتنى قوغداشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تېزلىكتە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان خەلق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ چىڭ ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ شەھەرنى قوغدىغان. يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالار زور تۈركۈمدە ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىپ ھەربىي لازىمەتلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 11- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يەكەن مىڭغا يەتمەيدىغان ئەسكىرى كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ 5000 ئەسكىرى كۈچىگە قارشى تۇرغان، دۈشمەننىڭ 1000 غا يېقىن ئارمىيىسىنى يوقاتقان، 500 گە يېقىن ئارمىيىسىنى تىرىك تۇتقان.

1865- يىلدىن 1877- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قوقان دۆلىتىنىڭ ياقۇپبەگ باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنى شىنجاڭنى ئىگىلىۋالغاندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە-خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىغان. 1865- يىلى 4- ئايدا ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسى يەكەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندا پۈتۈن شەھەردىكى ئۇيغۇر پۇقرالار ئۇنلۇك ھالدا «ئەنجانلىقلارنى كۆرسەكلا چايىدا ئۆلتۈرەيلى» دېگەن جەڭگىۋار شوئارنى توۋلاپ سېپىل ئۈستىدە، كوچا - مەھەللىلەردە تاجاۋۇزچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان. ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قاچقان. قوقانلىق تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى قوغلاپ

چېكىنىش ئۈچۈن، كۇچار قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ باش-
سەردارى راشىدىن 10 مىڭ ئۇيغۇر قوشۇنىنى قەشقەرگە ئەۋەتـ-
كەن، ئۇلار يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق ئەتراپى-
دا يەكەندىن چېكىنگەن ياقۇپبەگنىڭ پاخشا قوشۇنىنى
تولۇق بىلەن ئۇدۇلدىن قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. تاجاۋۇز-
چىلار پۈتۈنلەي تارمار بولغان. ياقۇپبەگنىڭمۇ بەدىنىدە
ئۈچ ئورۇن ئېغىر يارىلىنىپ جېنىدىن جۇدا بولغىلى تاس قال-
غان. 9- ئايدا ياقۇپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان-
دا قەشقەردىكى ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىر كۈيىمىك تەك كېلەل-
مىگەچكە پارتلاتقۇچ دورا بىلەن ئۆزىنى پارتلىتىۋېلىپ ۋەتەن
ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەيدىغانلى-
قىنى بىلدۈرگەن. يىل ئاخىرىدا ياقۇپبەگ زور ئەسكىرى
كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇ جايدىك-
چىلىك ئارمىيىسى بىلەن نەچچە 10 مىڭ ئۇيغۇر پۇقراسى قوز-
غىلىپ قارشى تۇرغان، ئاخىرى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيە-
خەلق جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1867- يىلى
5- ئايدا ياقۇپبەگنىڭ چوڭ قوشۇنى باينىڭ ئەتراپىدىكى
ياقىئېرىق ئەتراپىدا، كۇچارلىق راشىدىننىڭ مىللىي قو-
شۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. 30 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت
ئارمىيە-خەلقى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1870- يىلى
3- ئايدا ياقۇپبەگ ئەنگلىيە، چار روسىيە جاھانگىرلىكى-
نىڭ قوللىشى ئاستىدا كورلىدىن ئەسكەر چىقىرىپ تۇر-
پانغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ جايدىكى ئون مىڭدىن ئارتۇق
خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ
قەھرىمانلىق بىلەن زەربە بەرگەن. تاجاۋۇزچى قوشۇن نەچچە

مەملىك جەمئىيەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ مەغلۇبىيەت بىلەن قايت-
قان؛ ۋە ئايدا ياقۇپبەگ تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم
قىلغاندا، ئۇ جايدىكى خەلق دۈشمەننىڭ 33 مىڭدىن ئارتۇق
ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن، بىراق خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلى-
دىن، تۇرپان ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. بۇ مەزگىل-
دە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ
قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇل قىلىشىغا، تالان - تاراج قىلى-
شىغا ئاللىبۇرۇنلا تاقىتى قالمىغانىدى. سابىق قەشقەر بې-
گى ئابدىرېھىم قاتارلىق كىشىلەر خەۋپ - خەتەرگە قارىماي
بېيجىڭغا قېچىپ بېرىپ، كېيىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يول
باشلىغۇچى بولۇپ، چىڭ قوشۇنىنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ
توپىلاڭنى تىنجىتقان. ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئەمەل
بەرگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى قەشقەرلىك سودىگەر
بەختى قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار مۇزداۋانلاردىن ھال-
قىپ ئۆتۈپ، 1875- يىلى 2- ئايدا تارغاباتايغا يېتىپ بې-
رىپ، ئىلىدىكى مۇۋەققەت جاڭجۈن رۇڭچۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ
«قەشقەرلىك ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشنامىسى» نى ي-
سۇنغان، ۋەتەن ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى، چىڭ ئارمىيى-
سىگە ھەمكارلىشىپ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋال-
دىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1877- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، زوزۇڭتاڭ
باشچىلىقىدىكى چىڭ ئارمىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئاستىدا، ياقۇپ-
بەگ باندىتلىرىنى بىراقلا يوقاتقان، شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم
قايتىدىن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن.

تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، گۈللەپ ياشنىشى بولمايدۇ، بۇ بىر تەۋرەنمەس ھەقىقەت!..

(قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئالاقىلىشىش باشقارمىسىدىن سۇلتان داۋۇت تەرجىمىسى، ئابدىرشىت ھاجى ئىمىنتوروپ بېكىتتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

ئابدۇرەشىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» دېيىلىدۇ) ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر مەمۇرىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خەلق تەشكىلاتى بولۇپ، قەشقەردىكى ئۈچ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما (خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېڭىشەھەردە تۇراتتى؛ قىرغىز، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى)نىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، 1933-يىلى 12-ئايدا قۇرۇلۇپ، 1950-يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقى قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان. ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشى — قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭىچە مەدەنىيەت، يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما — «قەشقەر ئوقاپ» ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان.

## قەشقەر ئوقاپ

«ئوقاپ» ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئەسلى مەنىسى ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىت، مەدرىسلىرىنىڭ ۋەخپى ئۆي، يەر - زېمىن، مۈلۈكلىرىنى كۆرسىتەتتى، قەشقەردىكى

ئىستېمال مەنبەسى مەسچىت، مەدرىس، خانىقا، مازار ۋەخپى مۈلۈكلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ كىرىملىرىنى باشقۇرىدىغان خەلق ئارىسىدىكى خەيرى-ساخاۋەت ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋەخپى زېمىنلارنىڭ ئىجارە ئاشلىقى، ۋەخپى ئۆي-دۇكانلارنىڭ ئىجارىسىنى يىغىپ بىر تۇتاش ئىشلىتەتتى. يىغىۋېلىنغان ئىجارە ئاشلىق، پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى مەسچىت، مەدرىس، خانىقا، مازارلارنىڭ تەمىراتى، باشقۇرۇش، ئاسراش ئىشلىرىغا ھەمدە يېتىم-يېسىرلارنى، مېيىپ-ئاجىزلارنى بېقىش، تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئىشلىتەتتى؛ ئازغىنىسىنى مەسچىت، خانىقالارنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ، مەدرىس مۇدەررىسلىرىنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىقى ئۈچۈن، ئازساندىكى تالىپلارنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 يىللىرىدىلا قەشقەردە ئوقاپ تەشكىلاتى بولغان. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاۋات، بەشكېرەم، قوغان، سەمەن، توققۇزاق، ئوپال، سۇلۇق، بورىختاي، ياپچان، خانئېرىق، تازغۇن، ياندۇرما، قىزىلبۇيى، ئۈستۈن ئارتۇش، ئاستىن ئارتۇش قاتارلىق شۆبە ئوقاپلار بولغان. 1933- يىلىدىن بۇرۇن، جايلاردىكى شۆبە ئوقاپلار ئىجارە ئاشلىق، ئىجارە پۇللارنى يىغىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. باش ئوقاپ ھەيدەكچىلىك قى-

لىۋېلىش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىش-
لىرىنى قىلاتتى. [illegible]
1933-يىلى 8-ئايدا مەھمۇت سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ
قوروقلۇق ئارمىيە 6-دېۋىزىيەسى قەشقەرگە ئورۇنلاشقاندىن
كېيىن يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.
ئۇ بىر تەرەپتىن قەشقەردىكى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قا-
تارلىق جەمئىيەت ئەربابلىرىنى ئاكتىپ ھالدا يېڭىچە مەك-
تەپ ئېچىشقا، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قوز-
غاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر-
نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «قەشقەر ئىسلاھ مادارىس ۋە ما-
ساجىد ھەيئىتى» نى قۇرۇپ، كۈچ تەشكىللەپ، جايلاردىكى
ئوقاپلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى. نەتىجى-
دە، جايلاردىكى ئوقاپ باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ۋە مەسچىت، مەد-
رىس مۇتەۋەللىلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان خېلى بىر
قىسىم ئىجارە ئاشلىق، ئىجارە پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇ-
نىڭ كۆپ قىسمىنى مەكتەپ سېلىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. «قەشقەر ئىسلاھ مادارىس ۋە
ماساجىد ھەيئىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بىر قا-
چە ئىشنى قىلغان: ① جايلاردىكى شۆبە ئوقاپلارنىڭ ھې-
ساباتلىرىنى ئېنىقلاپ، ئامبارلىرىنى قايتا كۆردى، تاپشۇرۇل-
ماي قالغان ئىجارە ئاشلىق، ئىجارە پۇللارنى تولۇقلاپ
يىغىۋالدى. ئامبارغا كىردىم قىلمىش، چىقىم قىلمىش ئەھۋالىنى

قايتا تەكشۈرۈپ، باشقۇرغۇچىلار ئىچىدىكى خىيانەت قىلى-
غان، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلەپ كەتكەن، ئوغۇرلۇق قىلغانلار-
نى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بار-
لىق پۇل، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى تولۇق تۆلىتىۋال-
دى؛ ② جايلاردىكى شۆبە ئوقاپلار باشقۇرۇۋاتقان بارلىق
ئۆي، يەر - زېمىن، مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە قايتى-
دىن تىزىمغا ئالدى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يىغىۋالدى؛ ③
ھېساب تۇرغۇزۇش، ھېساب خاتىرىلەش، ھېساب كۆرۈش، شۇ-
نىڭدەك ئۆي، يەر - زېمىن، مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈ-
مىنى تېخىمۇ تەكمىلەشتۈردى؛ ④ بارلىق مەسچىت، مەدرىس
خانىقالارنىڭ ئىمام، مەزىن، مۇتەۋەللى قاتارلىق باشقۇر-
غۇچى خادىملارغا قارىتا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك لاياقەت
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى داۋاملىق
ۋەزىپە ئۆتەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرىنى تەگشىدى.

قەشقەر ئۇيغۇر ئويۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن «قەشقەر
ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد ھەيئىتى» ئۆز پائالىيىتىنى
مۇناسىپ ئاخىرلاشتۇردى. لېكىن، ئوقاپ يەنىلا ئۇيغۇر ئو-
يۇشما رەھبەرلىكىدە مەۋجۇت بولۇۋەردى، جايلاردىكى شۆبە
ئوقاپلار ھەم باش ئوقاپنىڭ ھەم تەڭ دەرىجىلىك ئۇيغۇر
شۆبە ئويۇشمىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. «ئوقاپ» نامى
1943- يىلى «ئۇيغۇر ئويۇشما ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى» گە
ئۆزگىرىپ، 1946- يىلى يەنە «ئوقاپ» قا ئەسلىگە كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى

## 1. ھەر ئۆۋەتتىكى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار

| مۇدىرلار | تەيىنلەنگەن (ئۆتمەگەن) ۋاقتى | مۇئاۋىن مۇدىرلار | تەيىنلەنگەن (ئۆتمەگەن) ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| كېرىمخان | 1933-يىل 12-ئاي | | |
| شېرىپ (مۇۋەققەت) | 1938-يىل | داۋۇللا ئۆمەر | 1938-، 1941-يىلىغىچە |
| مەھەممەت نىياز داموللا ئابدۇغوپۇر | 1939-يىل | | |
| خەلپەت مۇززۇك ھاجىيوپ | 1941-يىل 12-ئاي | | |
| ئىسمائىل قاسىم | 1941-يىل | مەھەممەت يۈسۈپ جالالىدىن | 1941-يىل |
| | | ئۇرايىم ھاجى | 1943-يىل |
| | | تۇرسۇن ئېلى | 1946-يىل |
| خەلپەت مۇززۇك ھاجىيوپ | 1946-يىل | ئابلەھەق ئېزىز | 1946-يىل |
| ئەھمەت زىيائى | 1947-يىل 4-ئاي | | |
| ئىسمائىل قاسىم | 1947-يىل 9-ئاي | | |
| ئابدۇللا داموللا ھاجى | 1949-يىل 9-ئاي | ئەھمەت زىيائى | 1949-يىل 9-ئاي |
| | | ئابدۇرۇسۇل قادىر | 1949-يىل 9-ئاي |
| | | مامۇت ھاجى | 1949-يىل 9-ئاي |
| | | ئابلا زۇنۇن | 1949-يىل 9-ئاي |
| | | ئابدۇرېشىت يۈسۈپى | 1949-يىل 9-ئاي |

## 2. خادىملار شتاتى ۋە ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

(1) رايونلۇق باش ئۇيۇشما ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى:

رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئورگىنى خادىملار شتاتى كەسىپ مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىپ بارغان. 1937 - يىلى 7 - ئايدا، رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ شتاتى 18 بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، باش كاتىپ، ھېسابچى، كاسسىر، خوجىلىق ئامبارچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تەسىس قىلىنغان. 1946 - يىلىغا كەلگەندە خادىملار شتاتى كۆپىيىپ 64 كە يەتكەن. ئىچكى قىسمىدا تەپتىش ھەيئىتى، كاتىبات، تەشكىلات بۆلۈمچىسى، مەدەنىيەت بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، ئامبار، مائارىپ، تەپتىش قاتارلىق ئاپپارات ۋە ۋەزىپىلەرنى تەسىس قىلىنغان. 1947 - يىلى خادىملار كۆپىيىپ 99 غا يەتكەن، سانايىنەپەس، كۇتۇپخانا قاتارلىق بۆلۈم - ئىشخانىلار كۆپەيتىپ قۇرۇلغان.

(2) ھەر قايسى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار ۋە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ئۇيۇشمىلار:

رايونلۇق باش ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1935 - يىلىدىن باشلاپ ھەر قايسى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. ھەممىسى قەشقەر ئۇيغۇر باش ئۇيۇشما رەھبەرلىكىدە بولدى. 1943 - يىلى يەكەن مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ

يەكەن ۋا يونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلدى. ئەسلىدە قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا قارايدىغان يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭى-شەھەر، قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلار ئۆزگىرىپ، يەكەن رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ رەھبەرلىك-كىگە قارايدىغان بولدى. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى چېگ-رىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى شۆبە ئوقاپلار ئاساسىدا قۇرۇل-غان ئاۋات، بەشكېرەم، قوغان، سەمەن، توققۇزاق، دۆپال، بورىدىختاي، تاشمىلىق قاتارلىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار باشتىن-ئاخىر قەشقەر رايونلۇق ئۇيۇشمىنىڭ بىۋاسىتە شۆبە ئۇيۇشمىسى بولۇپ كەلدى. 1941 - يىلى ئەتراپىدا يېڭىشە-ھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەس-لىدە باش ئۇيۇشمىغا قارايدىغان يائىدۇما، تازغۇن، ياپچان، خانئېرىق قاتارلىق شۆبە ئۇيۇشمىلار ئۆزگىرىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا قارايدىغان بولدى. 1942 - يىلى ئاتۇشتا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئۈستۈن ئاتۇش شۆبە ئۇيۇشما، ئاستىن ئاتۇش شۆبە ئۇيۇشما ماس ھالدا ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا قارايدىغان بولدى.

(3) ئوقاپ، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى:

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قەشقەر ئوقاپ مۇستەقىل ئورگان ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى كەسپىي ئورۇنغا ئايلانغان؛ 1943 - يىلىدىن بۇرۇن، ئىزچىل ھالدا «قەشقەر ئوقاپ» دېگەن نامى قوللىنىپ كەلگەن، 1943 - يىلىدىن كېيىن «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى» گە ئۆز-

گەرگەن. قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئوقاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدە مۇدىر، كاتىپ، ھېسابچى، كاسسىر، ئامبارچى قاتارلىق ۋەزىپىلەر تەسىس قىلىنغان. قەشقەر ئوقاپىنىڭ ۋىلايەتتە باش ئورگىنى بولغاندىن سىرت، يەنە ھەر قايسى جايلاردا شۆبە ئوقاپلىرى بولغان. شۆبە ئوقاپلاردىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇدىر، ھېساب خاتىرىلىگۈچى، كاسسىر، ھەيدۈچى قاتارلىق ۋەزىپىلەر تەسىس قىلىنغان؛ شىتاتى 4 — 6 غىچە ئىدى. «قەشقەر ئوقاپ» «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى» گە ئۆزگەرگەندىن كېيىن مۇدىر، كاتىپ، ئامبارچى، ھېساب خاتىرىلىگۈچى تەسىس قىلىنغان؛ يەنە تۆگمەن باشقۇرغۇچى، خۇمدان باشقۇرغۇچىلارنىمۇ تەسىس قىلىنغان. ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ ئاستىدا مەتبەئەخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما سىستېمىسىغا لازىملىق بارلىق ھېساب دەپتەر، كىرىم-چىقىم تالونلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى بېسىپ تەييارلاشقا مەسئۇل بولغان.

(4) سانايى نەپىس ئىدارىسى، سانايى نەپىس بۆلۈم، سانايى نەپىس ئۆمىكى:

1937 - يىلىدىلا قەشقەردە سانايى نەپىس ئىدارىسى مەۋجۇت ئىدى؛ 1940 - يىلى قەشقەر خەلق كۇلۇبى (بۈگۈنكى ھېيتگاھ كىنو - تىياتىرخانىسى) پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەپىس بۆلۈمى» گە ئۆزگەرتىلگەن. سانايى نەپىس ئىدارىسى بىر مەمۇرىي ئورۇن بولۇپ، ئاستىدا ئۆزىگە تەۋە بىر «چايخانا» بار ئىدى. «چايخانا» كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئورنى بۈگۈنكى ئەنجان رەستە ئىچىگە توغرا كېلەتتى. «چايخانا» دا ئەدەبىي-سەن-

مەت نومۇرلىرى ئورۇنلانمىدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىي سەنئەت پائالىيەتلىرىگە بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلاتتى. «چايخانا» خىزمەتچىلىرى ئىچىدە مۇئەييەن سانىدا ئەدەبىي-سەنئەتتە تالانتى بار خادىملار بار ئىدى. خەلق كۇلۇبى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، «چايخانا» ئاساسىدا قەشقەر سانايى نەپىس ئۆمىكى قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر ئويۇشما باشقۇرۇشىدا بولغان ھەممە خەلق كۇلۇبىغا كۆچۈپ كىرگەن. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن سانايى نەپىس ئۆمىكى ئىچىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى، ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ئەھمەت زىيائى ئەدەبىي ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن.

(5) 1938 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر ئويۇشما ئىچىدە مەكتەپ خىزمەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مەھەممەت يۇسۇپ جالالىدىن باشلىق بولغان.

## ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ مالىيە ئىقتىساد مەنبەسى

يوقىرىدا دېگىنىمىزدەك، «قەشقەر ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد ھەيئەتى» شۇبە ئوقاپلار باشقۇرغان ۋەخپىي يەر - زېمىن، ئۆي-مۈلۈكلەرنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئېنىقلاپ تىزىملاپ چىققانىدى، كېيىن بارلىق تىزىملىك ۋە تۆلىمىلەرنى ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى، 1934 - يىلى ئۇيغۇر ئويۇشما ھەر قايسى شۇبە ئوقاپلار قەشقەر ئىسلاھ مادارىس ۋە ماساجىد ھەيئىتىگە يوللاپ بەرگەن تۆلىمىلەردىن تەخمىنەن 750 پارچىدىن كۆپرەكىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. يەر-زېمىن، ئۆي، دۇكان

قاتارلىق مۇلۇكلەرنى ۋەخپى قىلغان ئائىلە تەخمىنەن 830 دىن ئاشاتتى. ئۇلار ھەر قايسى جايلاردىكى مەسچىت، مەدرىس، خانىقا، مازارلارغا ۋەخپى قىلغان باغ 79، ھويلا 109، دۇكان 99 ئېغىز، دەڭسارايى سەككىز، تۈگمەن 148 تاش، سوقا 21؛ يەر 1334 پاتمانلىق (بىر پاتمانلىق يەر تەخمىنەن 6.6 موغا باراۋەر كېلىدۇ)، 1131 غەلۋىر (بىر غەلۋىر ئورۇقلۇق يەر تەخمىنەن بىر موغا باراۋەر)، 9375.5 چارەكلىك يەر (بىر چارەكلىك يەر تەخمىنەن 0.8 موغا باراۋەر كېلىدۇ) بولۇپ، جەمئىي تەخمىنەن 16821.1 مو كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىزچىل قائىدىگە ئاساسەن بارلىق ئۆي، يەر-زېمىن، مۇلۇكلەرنى ئىجارىگە بېرىپ، مۇئەييەن نىسبەت بويىچە ئىجارە ئاشلىق، ئىجارە پۇللارنى يىغىۋالاتتى. بۇ، ئۇيۇشما مالىيە كىرىمىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى.

ئىسلام شەرىئىتى بويىچە، دېھقانلار يەر تېرىپ ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىرىنى «ئۆشۈر» قىلىپ تاپشۇرىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا تەۋە ئالتە بىۋاسىتە شۆبىگە قاراشلىق يۇرتتىكى دېھقانلار «ئۆشۇر» ئاشلىقىنى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا تاپشۇراتتى (ناھىيەلەردىكى دېھقانلار مۇشۇ نىسبەت بويىچە شۇ جايدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا تاپشۇراتتى). بۇ ئىككىنچى مەنبەسى.

كەڭچارۇقچىلار، قولھۈنەرۋەنلەر، سوداتىجارەتچىلەر ئىسلام شەرىئىتى بويىچە يىللىق كىرىمىنىڭ 40 دىن بىرىنى «زاكات» قىلىپ ئۇيۇشمىغا تاپشۇراتتى. بۇ ئۈچىنچى كىرىم مەنبەسى.

ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىنغان كالا،

قويي تېرىسى، ئۆچكە يېلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇ-
لاتتى. بۇ تۆت تۈرلۈك كىرىم مەنبەسى.

يۇقىرىقى تۆت مەنبە بويىچە «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشـمىسى هەر يىلى تەخمىنەن بىر مىليون 300 مىڭ چارەك ئاشلىققا باراۋەر كەلگۈدەك كىرىم كىرگۈزەتتى» («قەشـقەرنىڭ يېقىنقى زامان ۋە هازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» ئابدۇرېهىم تۇختى يازغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986-يىل 1- نەشرى 53- بەت). 1946- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنىدىكى بىر پارچە ئاكت هۆججىتى مۇشۇ يىللىق بىر تۇتاش كىرىم ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىۋاسىتە كىرىم قىلىپ باشقۇ-رۇدىغان كىرىملەردىن: ۋەخپە يەر ئىجارە كىرىمى 47.044.35 كۈرە، يىغىلغان ئۆشرە ئاشلىق 3.277.27 كۈرە 395 چارەك، ۋەخپە ئۆي-هويلا، دۇكانلارنىڭ ئىجارە پۇلى ئاشلىققا سۇندۇرغاندا 452.27 كۈرە 395 چارەك، باشقا كىرىم 32.44 كۈرە بولۇپ، جەمئىي 50.806.33 كۈرە 928 چارەك ئاشلىق بولغان. بۇ تېخى زاكات كىرىمى، قۇربان هېيتتا سويۇلغان چارۋىلارنىڭ تېرە - ئۆچكە يېلىرىدىن بولىدىغان كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيىتى

قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆزىنىڭ 16 يىللىق پائالىـيىتىدە باشتىن-ئاخىر يېڭىچە مەدەنىيەت، يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەشەببۇسچىسى، يېتەكچىسى، رەھبىرى، تەرەققىيات-چىلىق فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. كونىلىرىنى

ئېيتقاندا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە بىر قانچە چوڭ ئىشنى قىلغان:

(1) بارلىق قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، يېڭىچە مائارىپنى ئەۋج ئالدۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يېڭىچە مائارىپنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋى يېڭى ئىدىيە قوبۇل قىلىشىغا كۈچ چىقاردى؛ مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ ياساتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئوقاپىنىڭ ئامبارلىرىدا يىللاردىن بېرى جۇغلىنىپ قالغان بىر بۆلۈك ۋەخپىي كىرىملەر بىلەن يېڭى مەكتەپ سالدى ۋە كېڭەيتتى. قەشقەر شەھەر ئىچىدىلا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەبلەغ جۇغلاپ نوربېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنى، قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنى، ئەنجان رەستە باشلانغۇچ مەكتىپىنى، تۇمەنبويى باشلانغۇچ مەكتىپىنى ياساتقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يۇرت - يۇرتتا يېڭى مەكتەپ سالدۇرغان. قەشقەردىكى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئۇيغۇر زاتلار چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپ ياساپ، شۇ يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. مەسىلەن: توختى ھاجىم مەبلەغ يەر چىقىرىپ قىزىلدۆۋىدە بەش سىنىپلىق بىر مەكتەپ ياسىغان (بۇ كۈنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قورۇسى ئىچىدە)؛ ئۆمەر داموللا، يۇنۇس قازى ئىككەيلەن مەبلەغ چىقىرىپ ئوپال بازىرىدا يەتتە سىنىپلىق بىر

ن مەكتەپ ياسىغان؛ مەمتىلى تەۋپىق ئاستىن ئاتۇشتا بىر
مەكتەپ ياسىغان؛ ئەمەتبەگ تازغۇندا 10 سىنىپلىق بىر مەك-
تەپ ياسىغان؛ مۇقارى ھاجى ئەرمۇدۇندا 5 سىنىپلىق بىر
مەكتەپ ياسىغان؛ ئىبراھىم بايۋەتچى شەھەر ئىچى پاختا-
بازىرىدا بىر مەكتەپ ياسىغان، چوڭمۇستا بىر مەكتەپ يا-
سىغان؛ ئىسمائىل ھاجى ئاپپاق خوجا مازىرى يېنىدا بىر
مەكتەپ ياسىغان؛ قادىر ھاجى قازىئېرىقتا بىر مەكتەپ يا-
سىغان؛ قادىرجوجاڭ (قادىر ھاجى) مۇللازادە كەنتىدە بىر مەك-
تەپ ياسىغان؛ ئابدىرېھىمھاجى شامالباغدا بىر مەكتەپ يا-
سىغان؛ ھاجى ئاخۇن ھاجى توققۇزاق كۆكچىدە بىر مەكتەپ
ياسىغان؛ ئەمەت پاختا ئوغۇساقتا بىر مەكتەپ ياسىغان؛ مۇ-
دىن ھاجى قۇملۇق كەنتتە بىر مەكتەپ ياسىغان. يېڭىچە ما-
ئارىپ ئەۋج ئالغاندىن كېيىن جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش
خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ياۋبۇكتەك زېمىندىن باش كۆ-
تەردى. كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ئۇستۈن بولدى.
ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار يېڭى مەكتەپكە تۈركۈم-تۈر-
كۈملەپ كىردى، ھەتتا جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە خەل-
پە تالىپلىرىنى باشلاپ يېڭى مەكتەپكە ئۆزگەرتىپ كەتتى.
(2) دارىلمۇئەللىمىن ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈ-
لمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ھەر قايسى جايلاردا يېڭىچە
مەكتەپلەرنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېچىلىشى، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار جىددىي يې-
تىشمەسلىك ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلىلەر-
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قىسقا مۇددەتلىك
مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى. 1933 - يىلى 12 - ئا ي-

دىن باشلاپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەر قايسى دىنىي مەكتەپلەر-نىڭ يۇقىرى يىللىق تالىپلىرى ئارىسىدىن، جەمئىيەتتىكى مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىن، ھەتتا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خەلپەتلىرى ئارىسىدىن بىر تۈر-كۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسى ئاچتى. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ھەر قايسى جايلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەت-تى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇ-رۇلۇشىنىڭ تەييارلىقىنى پائال ئىشلىدى. 1934-يىلى 4-، 5-ئايلاردا قەشقەر ئوردا ئىشىكى ۋاقىتلىق مەدرىسىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ مەدرىسىنىڭ يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان ۋەخپىي كىرىمىنى ئاساسىي مەبلەغ قىلىپ، «قەشقەر دارىلمۇئەللى-مىن مەكتىپى» قۇرۇشقا ئۇل باستى. ئىككىنچى يىلى 9-ئايدا قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىدى. 1937 - يىلى ئەنجان كوچىدىكى ئابدۇرەھىم بايۋەچچىنىڭ ھويلى-سى ئىچىدە قىزلار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئۇدا بىر نەچچە نۆۋەت قىسقا كۇرس ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلار جىددىي كەم بولۇش مەسى-لىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما يەنە يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇ-رۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى-نى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تولۇقلاپ بارغان. قىسقا كۇرستا، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى، جۈملىدىن ئو-قۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، كۇرسانتلارنىڭ تۇرمۇش پۇلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما بەرگەن. مەسىلەن: 1939 - يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ئىمزا قويۇپ، ئۆۋەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئىككىنچى ئايلىق كۇرسقا قاتناشقان 106 نەپەر كۇرسانتنىڭ 7-ئايلىق مۇئاشى ئۈچۈن ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا ھەر بىرىگە 200 سەردىن جەمئىي 21 مىڭ 200 سەر پۇل تەستىقلاپ بەرگەن، يەنە شۇ كۇرسقا دەرس ئۆتكەن 23 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر سائەتلىك ئىش ھەققىنى 65 سەردىن ھېسابلاپ، 1089 سائەت 50 مىنۇتلۇق دەرس ۋاقتى ئۈچۈن 70 مىڭ 829 سەر 50 پۇڭ ئىش ھەققى تەستىقلاپ بەرگەن.

(3) ھەر خىل مەخسۇس كەسىپتىكى تەربىيىلەش ئۆگۈنلىرىنى باشقۇرۇپ، تالانتلىق خادىملارنى يېتىشتۈرگەن. 1942 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قەشقەر ۋىلايەتلىك ماتارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ھەزرەتتە مەكتەپ ئاچقان، مەھمەت رەھىم (گاۋدىجۇ) شوجاڭ بولغان. ئوقۇتقۇچىلىرى مەھەممەت يۈسۈپ، ئېلى روزى، تۇرسۇن مۆمىن، ئابدۇقادىر قاتارلىقلار ئىدى. كەسىپتە توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلغان، مەدەنىيەت دەرسىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىكىنى ئۆلچەم قىلغان. ھۈنەر-سەنئەتتە گۈللۈك يىپ ئەديال، يىپەك، شايى، ئەتلەس، بەقەسەم، گىلەم توقۇش قاتارلىقلار ئۆگىتىلگەن.

1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28- كۈنى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما 13- قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، مالىيە، بوغالتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى-

كېتەرلىك بارلىق خىراجەتنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما چىقىم قىلىشنى قارار قىلغان.

1940-يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ چىقىرىپ «ئۆسمۈرلەر جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ باشلىقلىرىنى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى يىغىپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچقان. كۇرسانتلارنىڭ ياتاق، تاماق راسخوتى ۋە ئوقۇشقا لازىمەتلىك بارلىق بۇيۇملارنى «جەمئىيەت» تەمىنلىگەن. كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۇرسانتلار ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپلىرىگە قايتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرغان.

(4) خەلق كۇلۇبىنى ياساپ قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇل سالغان

قەشقەر ئۇيۇشما باشلامچىلىق بىلەن مەبلەغ چىقىرىپ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەنى قوزغىتىپ ياسىغان قەشقەر خەلق كۇلۇبى 1939-يىلى پۈتكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەرنىڭ سەنئەت ماھىرلىرى كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپ چوڭراق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئورۇنلىيالايدىغان «چايخانا سەنئىتى» بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. كۇلۇب چايخانىنىڭ ئورنىنى، سەھنە چايخانىسىنىڭ ئورنىنى، دراما-ئوپېرالار كونسېرتىنىڭ ئورنىنى ئالدى. كۇلۇب پۈتۈپ ئارىدىلا قەشقەر سانائى نەپىسە ئۆمىكى كۇلۇبقا كۆچۈپ كىرىپ، قەشقەردىكى كەڭ ئاممىغا «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «رابىيە-سەئىدىن» «ئارشىن-

مال ئالان»، «ساماساق ئاكاڭ قايناپ يىدۇ» قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دراما، ئوپېرالارنى تەقدىم قىلغان.

(5) مەبلەغ چىقىرىپ دارىلتام، مەجرۇھلار ساناتورىيەسى، دارىلئاجىزىنلەر ئورۇنلىرىنى ئوبدان باشقۇرغان. بۇ قىرىندىكى ئۈچ ئورۇنغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قەشقەر ئوقاپ مەسئۇل بولۇپ باشقۇراتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، ئاسىرىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۈندىلىك تۇرمۇشتىن خەۋەر ئالغاندىن باشقا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئۇستىلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا مەدەنىيەت، ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى بېقىش، كۈتۈشنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش، مەدەنىيەت، ھۈنەر ئۆگىتىشكە ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ يارامىلىق ئادەملەر، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان ئادەملەردىن قىلىپ چىققان. بۇ ئۈچ ئورۇننى تەمىنلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا ئاشلىق ۋە پۇل ئاجرىتىپ بېرەتتى. 1946 - يىلى بىر يىلدىلا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ دارىلتامغا بەرگەنلىرىنى ئاشلىقتىن سوقۇدۇرغاندا 557.42 كۈرەگە يەتكەن. دارىلتامدا دائىملىق تۇرىدىغان يېتىم - يېسىر بالا 300 ئەتراپىدا بولاتتى. يېمەك - ئىچمەك، كېيىم - كېچەك، ئۆگىنىش بۇيۇملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن تەمىنلەيتتى.

(6) سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى يول راسخوتى بىلەن تەمىنلىگەن. 1934 - يىلى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ شىجاڭى

(دېۋىزىيە باشلىقى) مەھمۇت مۇھىتى قەشقەر ھەللىمى ما-
ئارىپىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشنى
ھەمدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەسئۇل بولۇپ ئوقۇغۇچى تاللاش،
يول راسخوتى، يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك قاتارلىق
نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەشنى بېكىتكەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشما پا-
ئال تەييارلىق كۆرۈپ ھەر قايسى جايلاردىن ئوقۇغۇچى تال-
لاپ سوۋېتكە چىقارغان. ئۇلار ئارىسىدا ئابدۇراخمان مۇ-
ھىتى، سەيپىدىن ئەزىزى (ھازىرقى مەملىكەتلىك خەلق ۋە-
كىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجا-
ڭى)، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى)، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، ئەيسا نىياز، مەمەت يۈ-
سۈپ، جالالىدىن (كېسەل بىلەن قازا قىلغان، ھايات ۋاقتىدا
شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان)
ئابلا زۇنۇن (قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھا-
زىر پېنسىيىگە چىققان)، قاسىم پەرساپوپ، ئىسمائىل ھەۋزىل-
لايوپ، مۇسا ھاجىيوپ (كېسەل بىلەن قازا تاپقان، ھايات
ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىدە مائارىپچىلىق قىلغان)، خەلپەت
سۈزۈك ھاجىيوپ (ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى-
نىڭ جىڭلىسى بولغان)، ئابدىراھوپ مەخسۇت، ئابلىمىت ھا-
جىيوپ (ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى بولغان)، ئابدۇقادىر توختاروپ، تۇرغان قاتارلىق-
لار بار ئىدى. ئۇلار قەشقەردىن ئاتلىق يولغا چىقىپ ئەر-

كەشتام ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوش، ئەنجان شەھەرلىرىگە بېرىپ، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ تاشكەنتكە بارغان. قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە يېتەرلىك يول كىراسى، يول ئۈستى تۇرمۇش خىراجىتى بەرگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر قۇردىن كىيىم بەرگەن. كىيىم ئىچىدە سوكنو پەلتو، سارجا كاستيۇم - بۇرۇلكا، خروم ئۆتۈك، يېپەك كۆينەك قاتارلىقلار بار ئىدى.

(7) 1936 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما 200 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇلارغا يول كىراسى ۋە يول ئۈستى تۇرمۇش خىراجىتى بەرگەن.

(8) ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇنتىزىم مائارىپنى چىڭ تۇتقاننىڭ سىرتىدا يەنە چوڭلار مائارىپى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمەتلىرىنىمۇ زور كۈچ بىلەن تۇتقان. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ قىزغىن دولقۇنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرى ۋە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەشقەردىكى ئىسلام دىنى ئىشان مەزھىپىنىڭ مۇتەئەسسىپ كاتتىۋېشى تايخان خوجىمۇ مۇرىتلىرىنى باشلاپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىغا بېرىپ ئوقۇغان ئىكەن.

(9) ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەبلەغ چىقىرىپ خەلق ئارىسىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رېمونتلاپ تۇراتتى ھەمدە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ساقلايتتى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما يازما ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئابىت پالتۇنى يۈسۈپ قادىرخان مازىرى (بۇ-

كۆنىكسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى) غا شەيخ قىلىپ
بەلگىلىگەن.

(10) ئۇيغۇر ئۇيۇشما قەرەللىك ھالدا ھەر قايسى
مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، مەزىنلىرى، مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرى
ئۈستىدىن سالاھىيەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، لاياقەتسىز-
لىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئورنىغا يېڭى ئادەم
سەپلەيتتى.

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كوممۇنىستلار★

جا ئىيۇەن شىڭ

«بارلىق كوممۇنىستلار، كوممۇنىستلار چەرول
ئوينايدىغان بولۇشى، جاپادا ئالدىدا،
راھەتتە كەينىدە تۇرۇشى لازىم.»

«يولداش جاۋزىياڭنىڭ پارتىيىنىڭ 13- نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتى» دىن

## خۇجيەننىڭ شۆھرىتى غەربىي چېگرادا

خۇجيەن، شىنجاڭدا ئىشلەتكەن ئىسمى خۇدۇك، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شۈەنخەن ناھىيىسىدىن. 1916- يىلى كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1932 - يىلى پارتىزان ئەترىتىگە قاتنىشىپ، 1933 - يىلى قىزىل ئارمىيىگە قوبۇل قىلىنغان. جەڭلەردە پاراسەتلىك، باتۇر بولغانلىقتىن، ئالاقىچىلىقتىن پەيجاڭلىققا، لىيەننىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىگە ۋە دادۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 4 - يۆنىلىش قىزىل ئار-

★ بېشى مۇشۇ ماتېرىياللار كىتابىنىڭ ئىككىنچى توپلامىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيئىتى بىلەن بىللە ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ سازلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن. 1937 - يىلى دىخۇا (ئۈرۈمچى) يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونىدا زەمبىرەكچىلەر دادۈيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1938 - يىلى فۇلى (ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى) چېگرا ساقلاش دادۈيىنىڭ جۇڭشياۋ دەرىجىلىك دادۈيجاڭى بولغان، 1941 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئالىي ھەربىي تەتقىقات كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ، 1942 - يىلى پۈتتۈرگەن. 1943 - يىلى 2 - ئايدا تۈرمىگە ئېلىنغان، 1946 - يىلى 6 - ئايدا كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان. 1949 - يىلى 5 - ئايدا 4 - دالا ئارمىيىسى ئالاھىدە ئەسكەرلەر قىسمى برونېۋىك تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن مەزكۇر تۈەننى باشلاپ 1 - دالا ئارمىيە 1 - بىڭتۈەنى بىلەن بىللە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت برونېۋىك قىسىمدا خىزمەت قىلغان. 1964 - يىلى ھەربىي كومىتېت برونېۋىك قىسىملىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن سەنۇجاڭى بولغان، 1967 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تونۇلغان.

1938 — 1941 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، خوجيەن تاشقورغاندا چېگرا ساقلاش دادۈيىنىڭ دادۈيجاڭى بولدى. تاشقورغان پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى

ئافغانىستان، پاكىستان (ئەينى چاغلاردا ھىندىستانغا
قارايتتى) بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن
ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىبلىس قىرنىقى ھىندىستاندىن
ئېلىمىزنىڭ تاشقورغانغا سوزۇلدى ۋە ئۇ يەرنى قاڭقىش
تاختىسى قىلىپ تۇرۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت،
دىن قاتارلىق جەھەتلەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى
جايلارنى ئىزگىنلەشكە ئۇرۇندى. ئەنگلىيە قەشقەردە كونـ
سۇلخانا قۇرغاندىن تاشقىرى، تاشقورغاندا يەنە ۋەكالەتـ
خانا ۋە مەكتەپ قۇرۇۋالغانىدى. يەنە بىر شۋېتسىيە چېر-
كاۋسىمۇ بولۇپ، ئۇنىمۇ ئەنگلىيە ۋەكالەتخانىسى ۋەكالەتەن
باشقۇراتتى. بۇ يەرنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى قالايمىقان
بولۇپ، ماھىيەتتە چېگراسى بار، مۇداپىئەسى يوق ئىدى.
ئەنگلىيىلىك ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى دىن تارقاتقۇچىلار،
تەۋەككۇلچىلار سودا كارۋانلىرىنى باشلاپ ئۈزۈلمەي قاتـ
ناپ، ئەتكەسچىلىك ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇ-
غۇللىناتتى. خوجىيەن يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونىدىن چېگرا
ساقلاش دادۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىغا يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي
يۇقىرىدىن يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى شۈيلىياڭنى
تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى.
ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن
ماسلىشىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى تازىلاش ئىدى. خوجىيەن
شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەي، قەشقەرنىڭ گارنىزون
سىلىڭى جياڭ يوفېن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ تۇرغانـ
دىن سىرت، يەنە مەخپىي تېلېگرامما ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ياكى بىرىكتۈرمىگەنلىكىنى ئاستىرتتىن نازارەت قىلاتتى.

1938 - يىلى قىشتا، خۇجيەن ئون نەچچە كىشىلىك ئاتلىق ئەترەتنى باشلاپ تاشقورغانغا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا تاشقورغاندىكى ئەڭ ئالىي قۇرۇلۇش — تاغقا يۆلەپ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بىر يۈرۈش بىنادىن ئىبارەت بولۇپ، ئەنگلىيە بايرىقى ئۇنىڭ ئاسمىنىدا ئېگىز لەپىلدەپ تۇراتتى، مانا بۇ ئەنگلىيىنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكالەتخانىسى ئىدى. ۋەھالەنكى، شۇنچىزا بىر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەكسىچە ئۇنىڭ يېنىدىكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان پاكار بىر ئۆيدە تۇراتتى. خۇجيەن بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئاتلىق ئەترەتنى باشلاپ كېلىپ مەقسەتلىك ھالدا ئاتلارنى ۋەكالەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باغلاپ، دەرۋازىنى توسۇپ قويدى، ئاتلارنىڭ كىشنەش سادالىرى ئەجنەبىلەرنى قورقىتىپ جېنىنى ئالدى.

تاشقورغان چېگرا ساقلىغۇچى دادۈيىدە 500 دىن كۆپرەك ئادەم بولۇپ، شىتاتى پولك دەرىجىلىك ئىدى. دادۈي شىتابى ئەسلىدە يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگەللەپ ئولتۇرغانىدى، خۇجيەن كەلگەندىن كېيىن دادۈي شىتابىنى بىر كونا قەدىمكى قورغانغا كۆچۈرۈپ، ئەسكى تاملارنى رېمونت قىلىپ گازارما ياسىدى. خۇجيەن كوماندىر-جەڭچىلەرگە: «دۇنيادا ئىككى خىل ئارمىيە بار، بىر خىلى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى بوزەك قىلىدىغان قورالى،

يەنە بىر خىلى خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان، خەلقنى قوغدايدىغان پەرزەنت ئەسكەرلەر، بىز بولساق خەلق ئۈچۈن ئەسكەر بولغانمىز، ھەرگىزمۇ خەلقنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ، گازارمىلارنى ئۆزىمىز قول سېلىپ ياسىشىمىز لازىم» دەپ تەربىيە بەردى. ئۇ ئەسكەرلەرنى يېتەكلەپ ياغاچ كېسىپ، لاي ئېتىپ، ئۆي ياپتى. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا پۇت - قوللار يېرىلىپ قاناپ كەتتى. لېيەنجاڭ، پەيجاڭلار خۇجيەنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئېغىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كونا ئوفىتسېرلەر كىيىمىنى تاشلاپ ئەمگەككە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى گازارما تاغنىڭ باغرىدا قەد كۆتەردى. ئۇ ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىغا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل تۇراتتى، كۈنلىكى قوشۇننىڭ مەشق مەيدانىدىكى ناخشا ساداسى تاغۇ تاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. بۇ گازارما ھەم ھەربىي مەشق قىلىدىغان مەيدان ھەم ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ توپىلاڭ پىلانلاشقا قارشى تۇرىدىغان پايدىلىق ئېگىزلىك ئىدى. شۇڭا ئەنگلىيىلىكلەر چېگرا ساقلاش دادۇيىنى ئۆچ كۆرۈپ، خۇپىيانە سۈيىقەست ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، ھەتتا خۇجيەننى مەخپىي ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. بىر قېتىم خۇجيەن دەپتەر يېزىشقا بارغانىدى، يولدا بىراۋ ئۇنىڭغا قارىتىپ يوشۇرۇن ئوق ئاتتى، بەختكە يارىشا ئۇنىڭ پەقەت بىلىكىلا يارىلاندى. يەنە شۇيلىيالىكنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، مەلۇم بىر كېچىسى، خۇجيەن بەزىلەرنىڭ قاچاقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئاخبارات ئالغان، ئۇ ئۆزى شەخسەن ئات ئېغىلىغا بېرىپ ئاتلار ئېگەرلەنگەنمۇ

يوق كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، قول چىراغىنى ئەمدىلا يېقىشىغا بىر پاي ئوق چىقىپ ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى يارىدار قىلغان. ئۇ دادۇي شىتابىغا قايتىپ كېلىپ، پىلىموتنى كازارمىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ، بۇ قېتىمقى ئاسىيلىقنى توسۇپ قالدى. كازارما ياساش، ئاسىيلارنى توسۇش ئارقىلىق خۇجيەن، تاجىك مۇئاۋىن دادۇيجاڭ زەمىر قاتارلىق ئىلغار كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى پىلانلاش-ياساش خىزمىتىگە كېرىشتى. چېگرا قاراۋۇللۇق پونكىتلىرى ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغاچقا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، خۇجيەن زەمىر بىلەن ھەمكارلىشىپ چېگرا لىنىيىسىنى چارلاپ، دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسى ئەھۋالىنى ئىگىلەشنى قارار قىلدى. ئۇلار 20 نەپەر چەۋەر ئاتلىق ئەسكەرنى تاللاپ، مۇئاۋىن دادۇيجاڭنىڭ ئوغلى مادايوپىنى دۇيجاڭ، «بۆركۈت» دەپ نام ئالغان قاسىمنى بەنجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، «بۆركۈت»تەك بىر چارلاش ئەترىتى تەشكىللىدى. مىڭ چاقىرىملىق چېگرا سىزىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇزلۇق چوققىلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئاشتى، شىددەتلىك خەتەرلىك ئېقىنلاردىن كېچىپ ئۆتتى. ھاۋا ئىنتايىن شالاڭ، تاغ يوللىرى خەتەرلىك بولۇپ، پات-پات شىۋىرغان ۋە قار كۆچكۈش يۈز بېرەتتى. خۇجيەن شۇ قېتىملىق چارلاشنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «تاشقورغان ئەتراپىدىكى دۆلەت چېگرىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، مىڭ چاقىرىمدىن ئاشاتتى، بىر قېتىملىق چارلاشقا ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. تاغ يوللىرى مېڭىشقا تەس بولۇپ، بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە ئېشەك

بىلەن ماڭاتتۇق، بەزىدە پىيادە ماڭماقمۇ ناھايىتى قىيىن-
غا چۈشەتتى. قارلىق تاغ ۋە سازلىق-
تىن ئۆتكەندە ئولوخشاش جاپالىق ئىدى.»
چارلاش جەريانىدا بىر قانچە قېتىم جاھانگىرلارنىڭ تاجا-
ۋۇز قىلىپ كىرگەن باندىتلىرىغا دۇچ كەلگەن . باندىتلار
تاجىك چارۋىچىلارنىڭ بىر قانچە يۈزلىگەن قوي ۋە باشقا
مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەندە، چارلاش ئەترىتى خەۋەرنى
ئاڭلاپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، چېگرىدىن ئۆتكەن باندىتلار-
نى قاتتىق جازالاپ ، باندىت باشلىقىنى ئېتىپ تاشلىغان .
قوي، كالا قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ ،
پۈتۈنلەي چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن. چارلاش جەريا-
نىدا چارلاش ئەترىتى يەنە خەلق ئەسكىرى قۇرۇپ، ئۇلارغا
قورال- ياراق ۋە ئۆگەتكۈچى خادىملارنى قالدۇرۇپ كېتىپ،
چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداش كۈچىمىزنى زور
دەرىجىدە كۈچەيتكەن .

خۇجيەن 1939 - يىلى 3 - ئايدا تۇرالغۇغا قايتىپ
كەلدى، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن،
قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىلان، دوك-
لاتىنى يېزىپ چىقتى. قەشقەر رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى،
قوشۇمچە گارنىزون سىلىڭى جياڭ يوفېننىڭ تەستىقلىشى ئار-
قىلىق، شۇ يىلى 7 - ئايدا ئىش باشلاندى. ئەينى چاغدىكى
چېگرا ساقلاش دادۈيىنىڭ بەنجاڭى شىرىنبەك (ئازادلىقتىن
كېيىن تاشقورغان ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ھاكىمى بول-
غان) نىڭ ئەسلىشىچە، قاراۋۇللۇق پونكىت ياساش ۋەزىپىسىنى
توققۇزاق، يېڭىشەھەر، يەكەن، يېڭىسار، مارالبېشى

ناھىيىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە
100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئاجراتقان، 50 مىڭ تۆگە
ياغاچ- تاش، ئوت-سامان ۋە ئاشلىقىنى تاغقا توشىغان.
يالغۇز ياغاچنىلا ئالساق مىڭ تالدىن ئارتۇق ياغاچ توشىغان.
ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقى-
لىق، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن تاشقورغاننىڭ چېگرالىرىدا
قاراۋۇللۇق پونكىتلىرى ياسىلىپ بولغان. يەنە ئەينى چاغدا
چېگرا ساقلاش دادۇيىدە بەنجاڭ بولغان زۇلال (ئازادلىقتىن
كېيىن تاشقورغان ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قەشقەر مە-
مۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان) نىڭ ئەسلەپ
بېرىشىچە، «جۇڭگو - ھىندىستان، جۇڭگو-ئافغانىستان چېگ-
رىسىدىكى دەپتەر، پەيىك، مىڭ تېكە، قوشبەل، قونجە-
راپ، شور بۇلاق، مازا قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن قارا-
ۋۇللۇق پونكىتى ياسالغان.» بۇ قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىغا
بىردىن بەن ياكى بىردىن پەي ئەسكەردىن كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ
چېگرا چارلىشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھ-
كەملەنگەن. پۇقرالارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن
خۇجىيەن قىسمىنى باشلاپ، چېگرىدا بىر پارچە بوز يەر
ئېچىپ، ھايۋان يېمى ۋە ياڭيۇ، تۇرۇپ قاتارلىق سەيلەرنى
تېرىپ، چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
ئۆزىنى تەمىنلىشىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنى
ياراتقان.

چېگرا ساقلاش دادۇيى ئەسلىدە بىر كونا قوشۇن بولۇپ،
كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت گەۋدى-
لىك، مىللىي، خەنزۇ ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق مەۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۈت بولۇپ، جۇڭگو ئىستىلى ئېغىر، ئىنتىزامى بوش ئىدى. بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، خۇجيەن چېگرا ساقلاش دادۈيىدە بىر قېتىملىق تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى. ئۇ ئىشىنى ئالدى بىلەن سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىدىن باشلىدى. ئەينى چاغدىكى خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي شىمالىق بولۇپ، ئۇلار ئېگىزلىك تۇرمۇشىنى جاپا كۆرۈپ، خاتىرجەم چېگرا ساقلاشنى خالىمايتتى. خۇجيەن ئۇلارغا 8-ئارمىيىنىڭ ۋە ئېچكىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ياپونغا قارشى تۇرغانلىق ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى، «سەركەردانلار تىرولوگىيىسى» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداش، غەربىي وك دەرۋازىسىنى ساقلاش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. خۇيەن پارتىيە ۋەكىللىرىدىن يولىيورۇق سوراپ، قىسىمدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتنى قۇردى، بىر قىسىم ئىلغار كوماندىر-جەڭچىلەرنى قوبۇل قىلىپ قاتناشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۇلارغا سىياسىي دەرس ئۆتتى. كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، قاتتىق ئىنتىزام ۋە دېموكراتىك تۇرمۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئەسكەرلەرنى قوزغاپ ئوفىتسېرلارنىڭ خىيانەتچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. خىيانەتچىلىك قىلىپ ئۆزىنى سەمرىتكەن ھەربىي لاۋازىماتچى ۋە ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ-تىللاپ خارلىغان ئوفىتسېرلاردىن بىر قانچىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ چارە كۆردى. بۇ ئىش كوماندىر-جەڭچىلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلىپ، قىسىمنىڭ تامەقىنو

ياخشىلاندى. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە
ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، ئايرىم مىللىي ئاشخانا قۇرۇپ بەر-
دى، مىللىي، خەنزۇ جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلاندى.
ئۇلار تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا مىللىي باراۋەرلىك ۋە
مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىگە ئىگە بولدى. خوجىيەن
چېگرا ساقلاش دادۇيىگە قارىتا تەشكىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ
باردى، بىر قىسىم قېرى، ئاجىز كوماندىر-جەڭچىلەرنى تاغ-
دىن چېكىندۈرۈپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كونىشەھەر، يېڭى-
شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىدىن بىر بۆلۈك قاۋۇل، چەب-
دەس كوماندىر-جەڭچىلەرنى ئاجرىتىپ چېگرا ساقلاش
دادۇيىنى تولۇقلىدى. تەرتىپكە سېلىش، ئەسكەر تولۇقلاش،
تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش ئارقىلىق قىسىمنىڭ جەڭگىۋار-
لىقى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى.

ئەنگلىيە-ھىندىستان سودىگەرلەر گۇرۇھىنىڭ قانۇنسىز
ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، چېگرا
ساقلاش دادۇيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باجگىرلىرى بىلەن
ماسلىشىپ، چېگرىدىن كىرىپ-چىققان ماللارنى تەكشۈرۈشنى
كۈچەيتتى. ھىندىستاننىڭ كەشمىر را يولىغا ئۆتىدىغان سودا
يولىدا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن
قورال-ياراق، ئوق-دورا، زەھەرلىك بۇيۇملار ۋە چېگ-
رىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئالتۇن-كۈمۈش،
لەئەل-ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىۋېلىپ
قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلدى.

چېگرىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىدىكى ئارمىيە-خەلق ھەم-
كارلىشىپ مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن، چېگرا بۇرۇنقىغا قارى-

غاندا تېنچ ـ ئامان تۇردى. خەلق ئاممىسى ئۈزلۈكسىز تەربىيىگە ئېگە بولۇپ، ئەنگلىيە ۋەكالەتچىلىرىنىڭ ھەققىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۇلارنى داۋاملىق گۆش ـ ئوت ـ سامان بىلەن تەمىنلىمەي، ۋەكالەتچىلىرىنى يېتىم قالدۇردى. بۇ «مەدەنىيەتلىك» ئەجنەبىلەر گۆش يېيەلمەي، ۋەكالەتچىلىرىنىڭ يوليورۇقى بىلەن، قاراڭغۇ كېچىدە يۇقىرىلارنىڭ ئېغىللىرىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ قوي ئوغرىلىغان. ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنى ئامما ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە پاش قىلغاندا بىز تەرەپنىڭ خادىملىرى مۇئاۋىن ھاكىم كارۋانشاھنىڭ باشچىلىقىدا ۋەكالەتچىلىرىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە، ۋەكالەتچىلەر گويا بىر قۇشخانىغا ئوخشاپ قالغان. ۋەكالەتچى شەخسەن ئۆزى قولىغا پىچاق ئېلىپ قوي سويۇ-ۋاتقان، قوللىرى غەرق قانغا مىلىنىپ، رەسۋالىشىپ، ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دېپلوماتىيە خادىمىغا لايىق سالاپەتتىن ئىز ـ ئەسەرمۇ قالماي، بەئەينى بىر قاساپقا ئوخشاپ قالغانىدى. تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەنگلىيە ۋەكالەتچىسىنى قوي ئوغرىلىغانلىق جىنايىتى بىلەن سوراققا تارتتى. جىنايەتچىنىڭ ئىقرارى ۋە چېگرانى قالاش داۋىيى بىلەن ناھىيىلىك گۇڭئەن خادىملىرى رازۋېتكا قىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئەنگلىيە ۋەكالەتچىسىنىڭ خوپىيانە قۇرغان ئاخبارات توچكىلىرىنى ئىگىلىدى. خوجىيەن قىسمىنى باشلاپ بېرىپ ناھىيىلىك گۇڭئەن خادىملىرىغا ماسلىشىپ ئاخبارات توچكىلىرىنى پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلاپ، ئادەملىرىنى قولغا ئالدى.

ئەنگلىيە ئاخبارات تورلىرىنى

قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئالدى-كەينىدە

ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان ماخۇسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ دىنىي كىشىلەرنى، چوڭ بايلارنى توپلاپ خوتەن، قاغىلىق ئەتراپلىرىدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتەردى. توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىنى تامامەن ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئوغۇرلۇقچە ئۈزۈلدۈر-مەي، ئەكىرىپ بەرگەن. نۇرغۇنلىغان ئىشەنچلىك ماتېرىيا-للار، توپىلاڭنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى دەل قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە ئۇنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ۋەكالەتخانىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

توپىلاڭنىڭ جىددىي پەيتىدە، چېگرىدا يەنە بىرقانچە قېتىم ئوغۇرلۇقچە ھەربىي ئەشيا يۆتكەش ئەنزىسى قولغا چۈشتى. سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ھەققەتەن تاشقورغاندىكى ۋەكا-لەتخانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى، مە-سەت ماخۇسەنگە ماسلىشىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ما-خۇسەننىڭ توپىلىڭى ئۇزۇنغا بارماي جەنۇبىي شىنجاڭ ق-سىملىرى تەرىپىدىن تىنچىتىلدى، پەقەت ئازغىنا بىر قىس-مى توردىن چۈشۈپ قالغان، ئۇلار چەتكە قاچماقچى بولۇپ تاشقورغان چېگرىسىغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. خۇجېيەن چېگرا ساقلاش دادۇيىنى باشلاپ ئاسماندا تور، يەردە قاپ-قان قۇرۇپ، بىر جەڭ بىلەنلا قالدۇق باندىتلارنى تامامە-مەن يوقاتتى.

چېگرا ساقلاش دادۇيى بىلەن تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئەنگلىيە ۋەكالەتخانىسىنىڭ خىلمۇخىل جىنا-يەت ماتېرىياللىرى، ئولجا ئېلىنغان تېلېگرامما ئاپپاراتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورال، ئوق - دورا ۋە جاۋاپكارنىڭ ئېتىرافنامىسىنى قوشۇپ، شىنجاڭ دائىرىلىرىگە يوللىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇنغا ئاساسەن، ئەسكەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەنگلىيە ۋەكالەتخانىسى ۋە جاسۇسلۇق خادىملىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. پامىر ئاسمىنىدا كۆپ يىللار لەپىلدىگەن جېلىقى ئەنگلىيە بايرىقى ئاخىرى يەرگە چۈشتى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىك قىلغان چېگرا رايونىدىكى ئارمىيە - خەلقنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى بىر زەپەرمارشى بولۇپ، ھازىرقى زامان قەشقەر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش تارىخىدا بىر شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

چېگرا ساقلاش دادۈيىنىڭ تاشقورغاندا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ھىندىستان خەلقىنىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشىگە يىراقتىن ھەمدەم بولغان. خۇجىيەننىڭ ئەسلىمىسىچە: «1939 - يىلى ئەتىيازدا، ھىندىستاننىڭ چېگرىداش جايلىرىدا ئەنگلىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن، ھىندىستان پۇقرالىرى ئۇ يەر ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە قايتماقچى بولغان ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تۇتۇۋالغان. كېيىن قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، بىر قىسىم ئادەملەر بىزنىڭ تەرەپكە قېچىپ كەلدى... بىز ئۇلارنىڭ قورسىقىغا تاماق بەردۇق، كېيىن دىپلوماتىك ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلارنى ئاپىرىپ قويدۇق، قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىغان بىر قانچىسى قېپقالغانىدى.»

خۇجيەن 1941- يىلىنىڭ بېشىدا تاشقورغاندىن دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە يۆتكىلىپ، شىنجاڭ ئالىي ھەربىي تەتقىقات كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردى. 1942- يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ نەزەربەنت قىلىندى. 1943- يىلى 2- ئاينىڭ 7- كۈنى تۈرمىگە سولاندى. تۈرمە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، خۇجيەن دۈشمەنلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈرمىدە ئىككى قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلىشتىن كېيىن، تۈرمە باشلىقى جاڭ گۇاڭچيەن مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى، سوغۇق سۇ سەپتى، تۆۋەنامە يازدۇردى، مەن قەلەمنى ئېلىپ كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداقىچە كۈرەش قىلىمەن، دېگەن خەتنى يازدىم. ئۇ قەلەمنى تارتىۋېلىپ، دەم ئۇرۇپ، دەم تىللاپ، ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى قايتا سوراققا تارتمىغان.» 1946- يىلى 7- ئايدا خۇجيەن قويۇپ بېرىلگەن بارلىق كوممۇنىستلار بىلەن بىللە كوللېكتىپ ھالدا يەنئەنگە قايتتى.

1949- يىلى 7- ئايدا، خۇجيەن 4- دالا ئارمىيىسىنىڭ تانكا دىۋىزىيىسىدە تۇەنجاڭ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، باش قوماندان جۇدې ئۇنىڭ بۇرۇن شىنجاڭدا خىزمەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، غەربىي شىمال فرونتىغا ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى مەزكۇر تۇەنگە تاپشۇردى. خۇجيەن بۇيرۇققا بىنائەن بىرونىۋىك تۇەنىنى باشلاپ، 7- ئاينىڭ 30- كۈنى تيەنجىندىن يولغا چىقىپ، مىڭ چاقىرىملىق يۈرۈش قىلىپ يۈيمېن نېفىتلىكىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن بۇيرۇققا بىنائەن بىرىنچى دالا ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى بىگىتۇەنگە

سەپلەپ بېرىلىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، 10-ئاينىڭ 20-كۈنى غەلىبىلىك ھالدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال شىنجاڭغا كىرگەن قىسمى بولۇپ، ياردەمچى قىسىملار يېتىپ كەلگىچە، ئۈرۈمچىگە ئورۇنلىشىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. 1950-يىلى ئەتىيازدا خۇجيەن بىرونەۋىك قىسمىنى باشلاپ، ئوسمان باندىتلىرىنى قورشاپ يوقىتىش جەڭلىرىگە قاتناشتى. ئۈچ ئايلىق جاپالىق جەڭلەر ئارقىلىق، باندىت باشلىقى ئوسماننى تىرىك تۇتۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتى. قوماندان ۋاڭجېن بىرونەۋىك تۈەنگە «يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلار» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى. 1950-يىلى 9-ئايدا، خۇجيەن بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭدىن يۆتكەلدى. كېيىن ئۇ بىرونەۋىك قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زور تۆھپىسى بار مۇشۇنداق بىر يولداش زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق نامى يالغۇز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرونەۋىك قىسىملىرىنىڭ تارىخىدا ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن مەڭگۈ مەدھىيىلىنىدۇ.

## پاك دىيانەتلىك ياخشى ھاكىم شۈيلياڭ

شۈيلياڭ، ئۆزگەرگەن ئىسمى يەندۇكچۈەن بولۇپ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جەنياڭ ناھىيىسىدىن. 1937-يىلى سىچۈەن داشۆدە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى

فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1938 - يىلى 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، شۇ يىلى 2 - ئايدا يەنئەندىكى شىمالىي شەنشى دۆلەت مەكتىپىدە جۇڭگو گۇڭچەنداڭغا كىرگەن. 3 - ئايدا شىنجاڭغا خىزمەتكە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى تەرجىمە-تەھرىر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ئورۇمچى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي پەن، جۇڭگو تارىخىدىن دەرس بەرگەن. 1939 - يىلى 1 - ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولۇپ، 1940 - يىلى 6 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلگەن. 1943 - يىلى 2 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ 1946 - يىلى 6 - ئايدا كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن شۇيلياڭ ئاساسلىقى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. چەڭدۇ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە يۈەنجاڭلىقىنى ئۆتەدى. 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇيلياڭ 1939 - يىلى 1 - ئايدىن 1940 - يىلى 6 - ئايغىچە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولغان مەزگىلدە چېگرا ساقلاش دادۈيجاڭى خۇجيەن بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى ھەمدە خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تاشقورغان ناھىيىسى قاتمۇ - قات تاغ-

لار بىلەن ئورالغان، كېلىماتى سوغۇق، دۆلەت چېگرىسى ئۇزۇن، ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىر كۈچلىرى غالجىرلاشقان، جاسۇسلار، ئىشپىيونلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى چېگرىدىن ئۆزى خالىغانچە كىرىپ-چىقالايدىغان جاي ئىدى. شۇ يىلىياڭ تاشقورغانغا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاممىنى قوزغاپ، يايپونغا قارشى تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. تارىختىكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1939-يىلى 4-ئاينىڭ 11-، 14-كۈنلىرى تاشقورغاندا «12-ئاپرېل» ئىنقىلابىنىڭ ئالتە يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر قايسى ساھەدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 2200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. يىغىندا شۇ يىلىياڭ «سىياسىي مەسىلە» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن دوكلات بەرگەن، خوجيېن «ئاممىنى تەربىيەلەش مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. يىغىندىن كېيىن مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى — ئوغلاق تارتىشىش ئويۇشتۇرۇلغان ۋە كومېدىيە ئوينالغان. تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول، كەيپىياتى قىزغىن، جانلىق بولۇپ، ئامما تەربىيىگە ئىگە بولغان.

— دېھقان، چارۋىچىلارنى ئەنگىلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، شۇ يىلىياڭ تاجىك مۇئاۋىن ھاكىم، تاغارمىلىق كارۋانشاھ بىلەن بىللە، جۇڭگو-سوۋېت سودا شىركىتىنىڭ خادىملىرىنى باشلاپ، رەخ، چاي قاتارلىق كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يېزا-قىشلاق، يايلاقلارغا ئاپىرىپ ئادىل سودا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،

يا پونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلار، قوتازغا مىنىپ چەت - ياقا تاغلىق كەنت، يايلاقلارغا بېرىپ ھەممە يەرنى ئايلانغان. بۇرۇن ئەنگلىيە سودىگەر- لىرى رەخ ياكى چاي ئەكىلىپ قىممەت باھادا سېتىپ، ئانـ دىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قوي-كالىلىرىنى تۆۋەن باھادا ئېلىپ كېتەتتى؛ ھازىر ھۆكۈمەت ئىستېمال تاۋارلىرىنى ئاق ئۆيلەرگىچە ئاپىرىپ بېرىپ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ با- زىرىنى كاسات قىلىۋەتتى. كارۋانشاھ (كىشىلەر ئۇنى سا- قاللىق ھاكىم دەپ ئاتايتتى) شۇيايىڭ بىلەن چېگرا ساقلاش دادۈيجاڭى خۇجيەننىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قول- لاپ - قۇۋۋەتلىدى، كېيىن ئۇ قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى يا- ساش، ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق تورىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۈـ چۈن، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ ئاجايىپ نەتىجە كۆرسە- تكەنىدى. 1940- يىلى ئەتىيازدا، ئۇ بەختكە قارشى شىڭ شى- سەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭـ غا 40 يىل بولغان بولسىمۇ، شۇيلىياڭ تا بۈگۈنگىچە ئۇنى چوڭـ قۇر ياد ئەتمەكتە.

چېگرا ساقلاش دادۈيجاڭى خۇجيەنـ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشـ ئۈچۈن چېگرا قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى قۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇنىڭغا قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەـ ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە خەلق ئىشچىـ لىرى ۋە ئاشلىق، ئوت سامان زۆرۈر بوپقالدى. تاشقورغانـ نىڭ نوپۇسى شالاڭ بولۇپ، ھەر خىل ئالۋاڭ-سېلىقلىرى ئېـ غىر ئىدى. شۇيلىياڭ ئۆزى شەخسەن قەشقەرگە بېرىپـ

قەشقەر رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، قوشۇمـ
چە گارنىزون سىلىقنىڭ جىيالىڭ يوفىن بىلەن بۇنى ھەل قىلىش
چارىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشچىلىـ
رىنى ئەۋەتىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاشلىق ۋە ئوتـ
ياماننى توشۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ھەر قايسى ناھىيەـ
لەر ئايرىم - ئايرىم ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى ھەممەدە ھەممە
نەرسىنى ھەقسىز بېرىشتىن ھەق بېرىپ توشۇتۇشقا ئۆزگەرـ
تىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلىيالىڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەيـ
نى چاغلاردا چېگرا ساقلاش ئارمىيىسىنى تەمىنلەيدىغان
ماددىي ئەشيالار كۆپىنچە يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىقتىن
توشۇپ كېلىنەتتى، ھەتتا قالايدىغان ئوتۇن ۋە كالا تېزەكـ
لىرىمۇ توشۇپ كېلىنەتتى، بۇرۇن كىراغا ھەق بېرىلمەيتتى،
بۇ شۇ جايدىكى خەلق ئۈچۈن ئېغىر يۈك بوپقالغانىدى.
كېيىن بىز ئارمىيە راسخوتىدىن كىرا ھەققى ئاجرىتىپ بەرـ
دۇق، كىشىلەر ئىنتايىن خوشال بولدى.» تاشقورغاندىكى
خەلق ئاممىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، گۇڭئەنجۇيگە ئوتۇن
ئەكىلىپ بەرسە ئادىل جىڭلاپ، قائىدە بويىچە باھا قويۇپ،
ئىدارىنىڭ راسخوتىدىن پۇل بېرىشنى بەلگىلىدى، قىسىمـ
دىكى جەڭچىلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ
ئاممىنىڭ قويلىرىنى ئەرزان باھادا
ئېلىۋېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى. شۇڭلاشقا خەلق ئاممىسى
ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ دۈشـ
مەنگە قارشى كۆرەشنى قاناتيايدۇرۇشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيـ
دىغان بولدى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى 1897 - يىلى تاشقورغاندا پوچتا بېكىتى قۇرغان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ ۋەكالەتخانىسى قارمىقىدىكى جاسۇسلۇق ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. پوچتا بېكىتى يالغۇز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھاجىرلارنىڭ پوچتا - پوسۇلكىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە قانۇنسىز ھالدا دۆلىتىمىزدىن ئوغۇرلىغان مەدەنىي مىراسلارنىمۇ يۆتكەيتتى، ئەپيۇن ۋە ھەربىي قورال ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاخبارات ئوغۇرلاپ، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. پوچتا بېكىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەسئۇلى نۇرمەھەمەت ئەنگلىيىنىڭ ئاخبارات كاتىپى ئىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئەجنەبىلەرنى يېتىم قالدۇرغانلىقتىن، ئۇلار گۆش سېتىۋالالمىدى. نۇرمەھەممەت نومۇس كۈچىدىن غەزەپلىنىپ، نومۇس دېگەننىمۇ قايرىپ قويۇپ، پوقرالارنىڭ قويىنى ئوغۇرلاپ يېگەنلىكتىن، چارۋىچىلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلدى. شۇيلىيالىك، خۇجيەن ۋە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى جىجۇنشىنىڭ ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈيىنىڭ جۈيجاڭى نىيازقاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەرجىمان باشلاپ پوچتا بېكىتىگە بېرىپ تەكشۈرگەنىدى، راس دېگەندەك ئوغۇرلاپ سويغان قوي ئىچقىپ قالدى: ئەتىسى شۇيلىيالىك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە نۇرمەھەمەتنى سوراققا تارتتى، نۇرمەھەممەت قوي ئوغۇرلىغانلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە بىر تەرەپ ئىگىلىگەن زور مىقداردىكى دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىدا، ئوغۇرلۇقچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەربىي قورال تۈشۈغا ئېلىق جىنا يېتىمنى تاپشۇردى. شىنجاڭ
دائىرىلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، نۇر مەھەممەت، ئەسكى-
لىكتە ئۇچىغا چىققان ئەنگلىيە ۋەكالەتچىسى بىلەن بىللە
چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

شۆيلىيانىڭ چارۋىچىلارنىڭ يايلاق ماجىراسىنى ھەل قىلىشقا
ياردەم بەردى، بىنام ئېچىش يىغىنى چاقىرىپ چارۋىچىلار-
غا ئۇرۇق، قوشكالا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز بېرىش
بىلەن، ئۇلارنىڭ بىنام ئېچىپ ئاشلىق تېرىپ، ئاشلىق يې-
تىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇردى. تاشقور-
غاننىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تارىختىن بېرى قا-
لاق ئىدى، شۆيلىيانىڭ ئۆشرە - زاكاتقا يىغىلغان ئاشلىقنى
مائارىپ فوندىسى قىلىپ ئىككى مەكتەپ قۇردى. بۇنىڭ بىرى-
سى، سۇباشتىكى قىرغىز باشلانغۇچ مەكتىپى، يەنە بىرسى،
تاشقورغان تاجىك باشلانغۇچ مەكتىپى ئىدى. چارۋىچىلارنى
ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. كې-
يىنچە ئاھىيىلىك ھۆكۈمەت ھۆددىگە ئېلىپ يەنە بەزى ئو-
قۇغۇچىلارنى قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئېگىز-
لىكتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىيالىيلىرى مەيدان-
غا كېلىشكە باشلىدى.

شۆيلىيانىڭ 1940 - يىلى 6 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھا-
كىملىقىغا يۆتكەلدى. ئۇ مەكىتتە ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە،
سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىستېمالىنى تۈزەپ،
مەكىت خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.
مەكىت ناھىيىسى تۈزلەڭلىكتىكى بوستان بولۇپ، يەرلىرى
مۇنبەت ئىدى، بىراق ئورنى يەكەن دەرياسى بىلەن تىز-

ناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، سۈيى قىس، تۇرغاق ئىدى. خەلق ئىچىدىكى دەۋا - دەستە، ئەنزىلەردە سۇ ماجىراسى بىلەن دەۋالىشىدىغانلار بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيتتى. دېھقانلار يەرلىرىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سۇ تالىشىپ ھەمىشە دېگۈدەك سوقۇشۇپ، بەزىدە ئادەم ئۆلۈش ئەھۋاللىرى يۈز بېرەتتى. شۇ يىلياڭ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ سۈۋېت سۇ ئىنژېنېرلىرىنى ئەۋەتىپ، ناھىيىدىكى ئۇيغۇر، تاتار سۇ تېخنىكلىرى بىلەن بىرلىكتە، سۇپادۆڭ بىنامىدا بىر يېڭى ئۆستەڭ پىلانلاپ، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى تىزناپ دەرياسىغا باشلاپ كېلىشنى ھەمدە بەش تارماق ئۆستەڭ ياساپ سۇغۇرۇش مەيدانىنى كېڭەيتىشنى ئۆتتۈرىندى. ئۆستەڭنىڭ ئاغزى يەكەننىڭ ئاۋاتتىكى شەرقىي قىرغاقتا بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 19.5 كىلومېتىر، ئۆستەڭنىڭ ئاستى كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 14 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتىر ئىدى. شۇ يىلياڭ ئۆستەڭ ياساش پىلانىنى ناھىيىنىڭ مەمۇرىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ قارардىن ئۆتكۈزۈپ، 1941 - يىلى 3 - ئايدا رەسمىي ئىش باشلىدى. ئىش ئورنىدا ناخشا ساداسى ئۈزۈلمەي ياڭرايتتى، ئاخشاملىرى چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى. شۇ يىلياڭ ئىش ئورنىدا يېتىپ - قوپۇپ، نەقمەيداندا قوماندانلىق قىلدى. كۆچمە لەۋھە مۇسابىقىسىنى ئويۇشتۇردى. ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنى تەشكىللەپ قەرەللىك ھالدا ئىش ئورنىغا كېلىپ ھال سوراپ، ھاشارچىلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش بىلەن، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى

تېزلەتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ چىقىمى 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، مەبلەغنى ھۆكۈمەت چىقىرىش، خەلق ياردەم بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئۆز ناھىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئىشلىگەندىن سىرت، يۇقىرى ئېقىندىكى يەكەن ناھىيىسىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بەردى. ئۆستەڭ 1941 - يىلى 11 - ئايدا پۈتتى، ئۆستەڭ بويلاپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلاردىن ئۈچ زاكۇ، ئۈچ كۆۋرۈك، ئىككى كۆچمە، 25 تۈگمەن ياسىلىپ، سۇغۇرۇش مەيدانى 15 مىڭ مو كېڭەيتىلدى ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇزۇن تارتىشى قېيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇ ئۆستەڭ ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى ئۇنىڭغا «جىنيۇڭ ئۆستىڭى» دەپ ئات قويدى. «جىنيۇڭ» شىڭشىسەينىڭ باشقا ئىسمى بولۇپ، شىڭ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن «جىن يىن» (ئالتۇن - كۈمۈش) ئۆستىڭى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن، شۇ يىلياڭ سوۋېت يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 30 مىڭ مو پاختىزارلىق ئېچىپ كەۋەز سورتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى.

— شۇ يىلياڭ چوڭراق دەۋا ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ئۆزى شەخسەن سوتلاپ، ئادىل ھۆكۈم چىقىراتتى. يا قىلىق يېزىسىدىن قادىر، قاسىم ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇنى جىيەن قىزى بىلەن كۈيئوغلىغا دۆڭگەپ قويغانىدى. بۇ ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن شۇ يىلياڭ دەرھال مۇئاۋىن ھاكىم نامەتۋە جازا بۆلۈمىدىن يۇقۇرىجاڭلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاتلىق بېرىپ ئەنزە ئەھۋالىنى

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، بىنا يەتچىنى ئۆزى شەخسەن سوراق قىلىش بىلەن، بۇ ئىككى جاۋابكارنى قانۇن بويىچە 13 يىل 6 ئاي يىلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

شۈيلياڭ خىيانەتچىلىك، پاراخورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، سېزىلىپ قالسا كەسكىن چارە كۆرەتتى. مەسىلەن: ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك خادىمى شۇيزىچۈەن 46 يۈەن باجنى ئارتۇق ئېلىپ خىيانەت قىلغانىدا، شۈيلياڭ ئۆزى شەخسەن تەكشۈرۈپ سوراق قىلىپ، ئەنزىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىپ چارە كۆردى (بۇ كىشىنىڭ تەستىقى يېتىپ كەلگىچە كېسەل بىلەن ئۆلگەن).

1941 يىلى شۈيلياڭ مەكىتتە رايون، كەنت سايلام تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، فېئوداللىق «يېزا ئاقساقاللىرى» تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە يۇرت، يېزىلارنى رايون، كەنتلەرگە ئۆزگەرتىپ جەمئىي ئىككى رايونغا ئايرىدى. بىرىنچى رايونغا 18 كەنت، ئىككىنچى رايونغا 22 كەنت قارايدىغان بولدى. شۈيلياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان بىر پارچە دوكلاتىدا رايون، كەنت باشلىقلىرىنى سايلاش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ: «2- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 6- كۈنىگىچە، پېقىر ئۆزەم شەخسەن ھەر قايسى كەنتلەرگە بېرىپ كەنت ئاھالىسىنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، باش ۋە مۇئاۋىن كەنت باشلىقلىرىنى سايلىدۇق...... 3- ئاينىڭ 7- كۈنى كەنت باشقابىرى يىغىنىدا مەمەتھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى 1-، 2- رايوننىڭ باش ۋە مۇئاۋىن رايون باشلىقلىقىغا سايلاپ چىقتۇق» دېگەن. شۇندىن ئېتى-

ئىبارەن مەكتەپ ناھىيىسىدە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدە فېئودال بەگلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلدى .

رايون، كەنت سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شۇ يىلىيالىق يولداش ماۋزېمىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلۇش زايومىنى تارقىتىشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى . 1941 - يىلى 4 - ئايدا، قەشقەر رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى چىن فاڭپۇ ۋە رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى كوممۇنىست گاۋدېڭبالىق زايوم سېتىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ مەكتەپكە كېلىپ زايوم ساتتى ، شۇ يىلىيالىق ئاكتىپ ماسلىشىپ ، يېزىلارغا چۈشۈپ تەشۋىق قىلىپ ، ئاممىنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىشقا قوزغاپ ، بۇ ناھىيىنىڭ زايوم سېتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىدى .

1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئوساللاشتى، شۇ يىلىيالىق ھەر ھەپتىسى يېرىم كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ ، ئىچكى مەسىلىلەردىن سىياسىي دوكلات بەردى . گېرمان فاشىستلىرى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق زوراۋانلىقىنى پاش قىلىپ ، 8 - ئارمىيە ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باتۇرانە جەڭ قىلغانلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن ، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ ، ئىشەنچنى قەتئىيلەشتۈرۈپ ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ گېرمان فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھمىيىتىگە ئىگە قىلدى .

شۆيلىياڭ يەنە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتلەردە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇرۇن پۇقرالارنىڭ مىراس ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاخۇن-لار ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولۇپ، ئەرلەرگە ھەر بىر كىشىگە بىر ئۈلۈش، ئاياللارغا ھەر بىر كىشىگە يېرىم ئۈلۈش مىراس تېگىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۆيلىياڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئۆزى تۇتتى، پۇقرالارنىڭ مىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەر-ئاياللار پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇپ، ھەر قايسىسىغا بىر ئۈلۈشتىن تېگىدىغانلىقىنى ھۆكۈمەت نامىدىن جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تەربىيە بېرىپ كىچىك خوتۇن ئېلىشقا قارشى تۇردى. بۇ كونا ئۆرپ-ئادەت-لەرنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە بىر ياخشى باشلىنىش ئىدى.

شۆيلىياڭنىڭ كىيىنىشى ئاددىي بولۇپ، قىش كۈنلىرى تاجىكچە تۇماق كىيىشكە ئامراق ئىدى، كۆزەينەك تاقايتتى. كەمسۆز، ئېغىر-بېسىق ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا بولۇپ، كۈنلىكى تاڭ تەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگرەپ چېنىقاتتى، ئاخشىمى ئۆگىنىش، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇل-لىناتتى. يېمەك-ئىچمىكىمۇ ئاددىي بولۇپ، تەرجىمان چىن جىيۇەن بىللە تاماق يەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى، ھاراق ئىچمەيتتى. ھەر ئايلىق مائاشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈمىنىڭ كوچىسى كويۇشياڭ (ئازادلىقتىن كېيىن مەكمت ناھىيە بازار گۇڭشېسىنىڭ تەرجىمانى بولغان، ھازىر پېنسىيىگە چىققان) غا ۋەكالىتەن ساقلاشقا بېرەتتى. تاماق ۋە كۈندىلىك خىراجەتتىن سىرت، تېجەپ قالغان پۇللىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ئىنتانە قىلغان. شۇ يىلىيالڭ تاشقورغاندا ۋە مەكتەپتە ئىككى نۆۋەت ھاكىملىق قىلغان بولسىمۇ پەقەت پۇل يىغمىغان ئىدى. شىڭشىسەي ئۇنى مەكتەپتىن يۆتكىگەن چاغدا ساقچىلار كېلىپ ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ئاختۇرغاندا پەقەت ئىككى ياغاچ ساندۇق بولۇپ، ئىچىدە ماركسىزملىق كىتابلار، گېزىت-ژۇرنال ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاچىلانغان ئىدى. مەكتەپ خەلقى ئۇنى «پاك دىيانەتلىك ياخشى ھاكىم ئىدى» دەپ ياد ئېتىشىدۇ.

## جۇچۇنلىن قەشقەردە تۇرغان چاغلار

جۇچۇنلىن، تەخەللۇسى جۇيۇلۇڭ، خۇبېينىڭ ماچېڭ ناھىيىسىدىن. 1912-يىلى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1928-يىلى دېھقانلار قىزىل گۋاردىيىسىگە قاتناشقان، 1930-يىلى جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ 1932-يىلى جۇڭگو گوڭچەنداڭغا كىرگەن. يەر ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئۇ جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، يىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۇ سازلىقتىن ئىككى قېتىم ئۆتۈپ، ئىلگىرى-كېيىن ئالتە قېتىم شەرەپلىك يارىلانغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە، ئۇ قىزىل ئارمىيە غەربىي يۆنىلىش قوشۇنىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ شىنجاڭغا كىرگەن. بولۇپ، يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى 1-دادۈينىڭ سىياسىي كومىسسارى، قەشقەر 48-تۈەنىنىڭ مايور دەرىجىلىك

ئالىيەنجاڭى بولغان، كېيىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىرگەن.
1940 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتىپ كېلىپ، يېڭى 4 - ئارمىيىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ۋە يەنگىنجاڭ، تۆۋەنجاڭ قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ، خۇەيبېي، لۇڭخەي ئەترابلىرىدا جەڭ قىلغان.
ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە شىمالىي جوڭگو دالا ئارمىيىسى 2 - زوڭدۇي 4 - شىسىنىڭ شىجاڭى بولۇپ، مەشھۇر مېڭلياڭگۇ، خۇەيخەي، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش قاتارلىق ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىگە قاتناشقان. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن 1955 - يىلى گېنېرال مايور ھەربىي ئۇنۋانى، 2 - دەرىجىلىك «ئاۋغۇست» ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك «مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك» ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك «ئازاد» ئوردېنلىرىغا ئېرىشكەن.
1970 - يىلى نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە شاڭخەي گارنىزون قوماندانى بولغان.
1970 - يىلى 6 - ئايدا جوڭگو گوڭچەنداڭى شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شۇجىسى بولغان. ئۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، 10 يىللىق مالىمان جەريانىدا لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ شاڭخەيدىكى گۇماشتىلىرىغا قارشى ئاكتىپ كۆرەش قىلغان. ئۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ كەلگەن. پارتىيىنىڭ 10 -، 11 - نۆۋەت-

www.uyghurkitap.com

لىمىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1983 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بەختكە قارشى شائخەي دوختۇرخانىسىدا ۋاپات بولدى.

30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تاجاۋۇزچىلىق كۈچلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرىكىتى غالجىرلاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئەنگلىيە جاھانگىر كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىشىنى چەكلەپ، ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭفا شىڭشىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونىدىن بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. 1938 - يىلى 2 - ئايدا، چۇچۇنلىن بىلەن زىڭخۇيلياڭ (زىڭخەيشەن، يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى 4 - دادۈيىنىڭ دادۈيجاڭى) قەشقەرگە كېلىپ 48 - ئاتلىق پولكتا مايور لىيەنجاڭ بولدى. جاۋخەيفېڭ (جاۋجېڭخوڭ، يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى 2 - دادۈيىنىڭ دادۈيجاڭى) بىرلا ۋاقىتتا قاغىلىققا كېلىپ 41 - پولكتا مايور لىيەنجاڭ بولدى.

چۇچۇنلىن 48 - پولكتا 3 - لىيەنگە لىيەنجاڭ، زىڭخۇيلياڭ 2 - لىيەنگە لىيەنجاڭ ئىدى. ئۇلار قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قىسىمغا ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق پولكتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي شىمالىق بولۇپ، شىڭشىسەي كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ چېگرىدىكى خاتىرجەم

ئىشلەپ ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشىنى كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك كىشىلەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغانىدى. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر بالا - چاقىلىق بولۇپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقلىرى بار ئىدى. جۇڭگونىڭ كوماندىر - جەڭچىلەر بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت دوستانە مۇھەببەت بىلەن ئۇلارغا كۆيۈندى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. ئاشلىق، ئوتۇن ھەل قىلىپ بەردى، كېسەل بولغان بالىلىرىنى ئامال قىلىپ داۋالاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئەسكەرلەرنى كۆرسە قۇتقازدى. جۇڭگونىڭ يەنە ئۇلارغا ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش داۋلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئويغاتتى. ليەندۇيدە ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر - جەڭچىلى-رىمۇ بار ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادى-تىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، تاماق يېيىشتە ئاشخانىنى ئايرىم قىلىپ بەردى. جۇڭگونىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىت-سېرلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئات مەشقىنى ناھا-يىتى تېز ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تاكتىكىسى ۋە قوماندانلىقىنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ ليەندۇينى يېتەكلەپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك تاكتىكا مەشقى ئېلىپ بېرىپ، ليەندۇينىڭ ھەرىكەتچان جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى زور دە-رىجىدە ئۆستۈردى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ليەندۇيدىكى ئىناۋىتى پەيدىنپەي ئۆستى، كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇنىڭ ئىستىلى كونا ئوفىتسېرلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەم-مىسى ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا ۋە باشقۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىدى-غان بولدى.

1938 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىسى، كونىشەھەر-
دە تۇرۇشلۇق 35 - ئاتلىق پولكنىڭ ئىككى لىيەنگە يېقىن ئەس-
كىرى توپىلاڭ كۆتەردى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭ ئەنگلىيىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى، تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق
ۋەكالەتخانىلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىشى بىلەن مۇناس-
ۋەتلىك ئىدى. مەزكۇر پولكقا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سادىر
ئىسمىلىك بىر ئوفىتسىر ئەنگلىيە جاسۇسى ئىدى. بۇ پولك-
تىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل جىددىي بو-
لۇپ كەلگەچكە سادىر بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلەرنى كۈش-
كۈرتۈپ ۋە سېتىۋېلىپ توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇ كۈنى ئاخشىمى
پولك كوماندىرى گازارمىدا قونمىغانىدى، بەزى توپىلاڭچى
زاپچوز ۋە يېفىرتىرلار پولكتىكى لىيەن، پەي دەرىجىلىك ئوفىت-
سىرلارنى بىر ئۆيگە يىغىپ پىلىموت بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ،
ئاندىن ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا
ئۈلۈغچات، تاشقورغان چېگرا يۆنىلىشىگە قاراپ قاچقان.
بۇيرۇققا بىنائەن توپىلاڭنى باستۇرۇشقا 48 - ئاتلىق پولك،
31 - پولك ۋە تاشقورغان چېگرا ساقلاش دادۈيى قاتناشتى.
جۇ چۇنلىن بىلەن زىڭيۇلياڭ بۇيرۇق بويىچە 3 - لىيەن ۋە 2 -
لىيەننى باشلاپ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ياڭ بىڭرۇيىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە يېڭىشەھەردىن يولغا چىقىپ، ئۈلۈغچات ئار-
قىلىق تورغات يۆنىلىشىگە قاراپ قوغلىدى. جۇ چۇنلىن بى-
لەن زىڭيۇلياڭ ئاتلىرىنى قامچىلىغىنىچە ئاتتۇرۇپ ئىلگىرى-
لىدى، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق قوغلاپ ۋۇشەن تېغىنىڭ
شەرقىي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە توپىلاڭچى قوشۇنلار-
نىڭ مەزكۇر پولكنىڭ ئاتمەيدانىغا كىرىۋالغانلىقى بىلىندى،

بۇ چاغدا ياڭ فۇتيەنجاڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. جۇچۇنلىن بۇ قېتىمقى جەڭنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «مەن يولداش زىڭيۈلياڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلار- نىڭ 2- ليەنى سولدىن، بىزنىڭ 3- ليەن ئوڭدىن كېلىپ ئاۋۋال دۈشمەننى قورشىۋالدۇق، ئاندىن توپىلاڭچى قوشۇن- غا تەڭلا ئېتىلدۇق. توپىلاڭچى قوشۇنلار شۇ ھامان قالايمى- قانلىشىپ كەتتى، ئۇلار ئەسلىدىلا قوماندانى يوق بىر توپ قۇزغۇنلار ئىدى، بىزنىڭ ئەلپازىمىزنىڭ يامانلىقىنى كۆ- رۈپلا ھەممىسى قورقۇپ ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك تىرە- پىرەڭ بولۇپ كەتتى. پىيادە قاچقان تارقاق ئەسكەرلەر ئارقا- ئارقىدىن قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. بىز ئاتـ لىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ، ئاتقا مىنىپ قاچقان توپىلاڭچى- لارنى داۋاملىق قوغلاپ 20 نەچچە كىشىنى ئەسىر ئالدۇق، يەنە بىر قانچە ئون ئاتمۇ بار ئىدى. توپىلاڭچى قوشۇنلا بۇلاپ كەتكەن پۇقرالارنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇ ئەكەلدۇق.» بۇ چاغدا تاشتۇرغان يۈنىلىشىگە قاراپ قاچ قان يەنە بىر تۈركۈم توپىلاڭچى قوشۇنلار چېگرا مۇداپىئە دادۈينىڭ مۇئاۋىن دادۈيجاڭى زەمىر باشلاپ ماڭغان ئەسكەرلەر ۋە 31-پولكنىڭ قوغلىغۇچى قىسىملىرى تەرىپىدىن قورشاپ يوقىتىلىپ، كۆپ قىسمى ئەسىرگە چۈشتى، پەشۋا يېگەن قالدۇق قىسىمدىن سادىر قاتارلىق 33 ئادەم ئافغانىس- تانغا قېچىپ كەتتى.

جۇچۇنلىن بىلەن زىڭيۈلياڭنىڭ ليەندۈيلىرى بۇيرۇق- قا بىنائەن شۇ جايدىلا ئورۇنلىشىپ، تاغ ئاغزىنى قامال قىلىپ، قېچىپ كەتكەن تارقاق توپىلاڭچىلارنى داۋاملىق

ئاختۇرۇپ تازىلىمىدى. تۇرۇشلۇق ئورنىدا، لىيەندۇي توپىلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇقرالارغا ياندۇرۇپ بەردى. ھەممە لىيەندۇيلەردە كوماندىر - جەڭچىلەرگە «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭ تۇتۇپ خەلقنىڭ ھېچنەرسىسىگە چېقىلمىدى. يەنە تېخى پۇقرالارغا ياردەملىشىپ سۇ توشۇپ بەردى، ھويلا-ئاراملىرىنى تازىلاپ بەردى ۋە ئېتىزلىرىدا ئەمگەك قىلىشىپ بەردى. ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى. پۇقرالار بۇ قوشۇننىڭ بۇرۇنقى قوشۇنلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. پۇقرالارنىڭ ياردىمى ئاستىدا يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق كەنت، ئورمانلىقلاردىن 100 گە يېقىن تارقاپ كەتكەن توپىلاڭچى ئەسكەرلەر تۇتۇپ كېلىندى. جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پۇقرالار پولۇ ئېتىپ، قوي گۆشىدە كاۋاپ پىشۇرۇپ، لىيەندۇيدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۆيلىرىگە باشلاپ مېھمان قىلىپ غەلىبىنى تەبرىكلىدى. قوشۇن بۇ جايدىن ئايرىلىدىغان چاغدا پۇقرالارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئۇزىتىپ قويدى. نۇرغۇنلىغان ياشلار پۇقرالارنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بۇ قوشۇنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 13 ياشلىق بىر ئۇيغۇر بالىسى بولۇپ، ئىسمى جاڭجىلۇ ئىدى. يېشى كىچىك بولغاچقا قىسىم ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ ئوغرىلىقچە ئەسىرلەرنى ياپلاپ ماڭغان ماشىنىغا چىقىۋېلىپ پولك شىتابىغا كېلىپ، ئەسكەرلىككە ئېلىڭلار دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. زېڭيۇليانىڭ پولك شىتابىغا

ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنى مۇلازىم ئەسكەرلىككە ئەپقالدى. جاڭجىلۇ كېيىن ئىسمىنى ھېيتاخۇنغا ئۆزگەرتىپ، ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر سىياسىي مەكتەپتە تەرجىمانلىق قىلغانىدى. ھازىر پېنسىيىگە چىققان. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ لىيەنجاڭى، جۇلىيەنجاڭلارنى ئىزچىل ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

1983- يىلى جوچۇنلىن قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەن چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بىراق زىڭيۇلياڭ 1944 - يىلى ئاتلىق پولك كوماندىرى بولغان چېغىدا، سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ساۋشەن ناھىيىسىدە ياپون ئاۋاستىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قۇربان بولۇپ كەتكەنىدى.

جوچۇنلىن 48- پولكتا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل بولماي تۇرۇپ پلاسۇيىقەستكە ئۇچراپ، 1938 - يىلى 9- ئايدا قەشقەر گارنىزون سىلىڭبۇسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. تۈرمىدە ئۇنى قامچا ۋە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، «يولۋاس» ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، لازا سۈيى ئىچكۈزۈپ، ۋەھشىيانىلارچە قىيناشتى. بۇ خىل «يولۋاس ئورۇندۇقى» ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، ئىككى تال گىرەلەشتۈرۈلگەن كىرېست شەكىللىك جازىغا تولۇقى پىيالىنىڭ ئاغزىدەك كېلىدىغان ئىككى مىتر ئېگىزلىكتىكى بىر تال كالتەكنى مىخلاپ، جوچۇنلىننى ئۇنىڭغا باغلاپ كالتەككە ئولتۇرغۇزدى، ئۇزۇن ئولتۇرغاچقا بىلەكلىرى ئىشتىلىپ قانلار ئېقىپ كېتەتتى. ئۇ بىر قانچە قېتىم كالتەكنىڭ ئۇچىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ بەدىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى. دۈشمەنلەر ئۇنى قىيناپ سوراق قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرغانلىـ

تىقىنى، قىسمىنى باشلاپ ئاسىيلىق قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىنيا ئىبكەشلىمەك قىلىشقا ئۇرۇندى. جۇچۇنلىن قەتئىي ئىرادە باغلاپ، قۇربان بولۇپ كەتسەممۇ ھەرگىز ئىقرار قىلمايمەن، پارتىيەمنى زىيانغا ئۇچراتمايمەن دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمىگە كىرگەن 48- پولك 4- لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى يۇچىڭۋىن گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ ئوخشاشلا سۇيىقەستكە ئۇچرىغانىدى. ئۇ قىيىناشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىز پۈكۈپ ئەل بولدى. ھەممە جۇچۇنلىن بىلەن گەنسۇدىكى مابۇفاڭ قوشۇنىغا قېچىپ كېتىشكە مەسلىھەتلەشكەندۇق دەپ تۆھمەت چاپلىدى. دۈشمەنلەر ئۇنى سوراق مەيدانىدا جۇچۇنلىن بىلەن يۈزلەشتۈرگەندە، جۇچۇنلىننىڭ كەسكىن رەددىيە بېرىشىگە ئۇچرىدى. 1983 - يىلى جۇچۇنلىن قەشقەرنى قايتا زىيارەت قىلغان چاغدا، ھازىر يېڭىشەھەر يېمەكلىكلەر شىركىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يۇچىڭۋىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، جۇچۇنلىننىڭ ئالدىدا 40 يىل بۇرۇنقى جىنايىتى توغرۇلۇق ئۆزىنى تەكشۈردى.

گۇڭچەنداڭ ئەزاسى زىڭيۇلياڭ بىلەن جاۋخەيفېڭمۇ سۇيىقەستكە ئۇچراپ، جۇچۇنلىن بىلەن بىللە تۇرمىگە كىرگەن. بۇ ئۈچەيلەن ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ھايات - ماماتىنى ۋە جاپا - ھالاۋەتنى تەڭ تارتىپ كەلگەن كونا سەپداشلار ئىدى. 1936 - يىلى 10 - ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يۈرۈش قوشۇنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، جاۋخەيفېڭ بىلەن جۇچۇنلىن ئالدىنقى سەپ مۇھاپىزەت پولكى «دەريادىن ئۆتكۈچى ئاۋانگارت لىيەن» نىڭ لىيەنجاڭى ۋە

جۇداۋيۈەنى ئىدى؛ خېشى كارىدۇردا قانلىق جەڭ قىلغان
چاغدا، ئۇلار جاڭيىنىڭ ئىچى يىگىرمە دېگەن يېرىدە مۇھاسى-
رىنى بۆسۈپ چىقىپ، كېيىن بىرلىكتە شىنجاڭغا كىرگەن.
ئۇلار تۈرمىدە قەلبداش قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ، ئۆز
ئارا تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىشەتتى. 1939 - يىلى 2- ئايدا،
بۇ ئۈچەيلەن دىخۇا ( ئۈرۈمچى ) تۈرمىسىگە يالاپ ئاپى-
رىلدى. جۇچۇنلىن بىلەن جاۋخەيفېڭ بىر كامېرغا قامالغان
بولۇپ، ئىككەيلەن ئورتاق چارە-ئامال ئويلاپ، دۈشمەنلەر
يالغان ئىقرارنامە ئويدۇرۇش ئۈچۈن شۇ كامېرغا ئەۋەتىپ
بىللە قاماپ قويغان بىر پەيجاڭنىڭ ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ
سۈيىقەستكە ئۇچرىشىنىڭ پۈتكۈل ھەقىقىي سىرىنى ئېنىقلى-
ۋېلىپ، سوراق قىلغان چاغدا دۈشمەنلەرنىڭ بارلىق سۈيى-
قەستىنى ئېچىپ تاشلىدى. پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق ۋەكىلى دېڭفا ئۇ ئۈچەيلەننىڭ تۈرمىدە سولاقلىق خەۋ-
رىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتلىك مەس-
لىھەتچىسى ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى
قىلدى. ئۇلار ئاخىرى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. 1940 -
يىلى 1- ئايدا ئۇلار ئۈچەيلەن يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى-
دىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىللە جەمئىي 360 كىشى-
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يەنئەنگە
قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ھايال ئۆتمەي ياپونغا قارشى ئالدىنقى
سەپكە ئاتلىنىپ كەتتى. جاۋخەيفېڭ ئازادلىقتىن كېيىن
جياڭسۇ ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ 1976-
يىلى 7- ئاينىڭ 19- كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

# جېك يىشىك قاغىلىقتا

جېك يىشىڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى جېك يىرەن، شىنجاڭـ
دا ئىشلەتكەن ئىسمى جېك جېڭشىڭ، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ
تۇڭگۇ ناھىيىسىدىن . 1911 - يىلى تۇغۇلغان، 1925 - يىلى
ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1931 - يىلى جۇڭگو كوڭچەنداڭىغا
كىرگەن. 1934 - يىلى 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە
قاتنىشىپ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كېلىپ، جۇڭخۇا سوۋېت
مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش يىغىش ئىدارىـ
سىنىڭ جۇيجاڭى، قوشۇمچە شەنشى-گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا پەۋـ
قۇلئاددە رايونىنىڭ مالىيە تەپەيۇەنى بولغان. 1938 - يىـ
لى 10 - ئايدا يولداش ماۋزېمىننىڭ كۆرسەتمىشى
بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا
خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن
گاۋدېڭباڭ، چيەن پىڭ، چېڭجيۇكي، لونەيتاڭلار بار ئىدى.
بۇ يولداشلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر رايونىدا مالىيە - باج
خىزمىتى ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغان. جېك يىشىك شىنجاڭـ
غا كەلگەندىن كېيىن يولداش ماۋزېمىننىڭ خىزمىتىگە يارـ
دەملىشىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ كاتىپى بولغان. 1941 - يىـ
لى ئۇ شىنجاڭ مالىيە ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ كۆـ
زەتكۈچىلىكىگە كۆرسىتىلىپ، تۇمۇل رايونىنىڭ كۆزەتكۈچىـ
لىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىپ مالىيە - باج
خىزمىتىگە بىر يىل كۆزەتكۈچىلىك قىلغان ( ئەمەلىيەتتە
پارتىيە ۋەكىلى چېن تەنچيۇ ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىكى جۇڭگو كوڭچەنداڭ ئەزالىرى بىلەن

ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن). كۆزەتكۈچىلىك قىلىش جەريا-
نىدا خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، باج خىزمىتىدە ئۆزىنىڭ
پىشقان ئىقتىدارىنى كۆرسەتكەن. قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئىلتىماس قىلىشى ئارقىلىق، 1942-يىلى 1-ئاي-
نىڭ 28-كۈنى ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاغىلىق
ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن.
شۇ يىلى 4-ئايدا قاغىلىق ناھىيىلىك مەمۇرىي ئىشلار ھەي-
ئىتىگە تەكلىپ قىلىنغان. 1943-يىلى 2-ئايدا شىڭ شىسەي
تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىرگەن، 1946-يىلى
6-ئايدا كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان.
ئازادلىقتىن كېيىن نىڭشيا ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كو-
مىسسارى بولغان، ھازىر پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، جياڭشى
ئۆلكە نەنچاڭ چىڭيۈنفۇ كادىرلار ساناتورىيىسىدە دەم
ئېلىۋاتماقتا.

30-يىللاردا، شىنجاڭ شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلى-
قى ئاستىدا، قەغەز پۇلنى كەلسە-كەلمەس تارقىتىپ، ما-
لىيە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆر-
لەپ، پۈتكۈل ئەل-يۇرتنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. يول-
داش ماۋزېمىن مالىيە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن
كېيىن، «خەلقتىن ئېلىپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئىشلىتىش، باج
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باج ئوغرىلاش ۋە خىيانەت قىلىشنى
تۈگىتىش»، شۇنىڭدەك «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، باج
مەنبەسىنى ئېچىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى كاپالەتلىك
قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىپ، كىرىم-چىقىمنىڭ
تەڭپۇڭ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت مالىيە

خىزمەت فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقتى ھەممە مالىيە - باج ئور-
گانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مالىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش،
پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش،
خام چوت، نەق چوت تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مالىيە ئىقتىسا-
دىنى چىڭىتىش قاتارلىق ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،
قىسقىغىنا ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ مالىيە، پۇل مۇئا-
مىلە قىياپىتىنى يېڭىلىدى. جېڭ يىشىڭ شىنجاڭنىڭ مالىيە
خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا يولداش ماۋزېمىن-
گە كۈچلۈك ياردەمچى بولدى. كېيىن ئۇ قاغىلىققا كېلىپ
ئىشلىدى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيىسىدىكى قالايمىقان-
چىلىقلارغا قارىتا يولداش ماۋزېمىن تۈزۈپ بەرگەن مالى-
يىنى تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنىنى سادىقەتلىك بىلەن ئىجرا
قىلدى، مەسىلىلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قانچە
ئاچقۇچلۇق تەدبىرنى تۇتتى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئى-
چىدە، بۇ ناھىيىنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى روشەن دەرىجىدە
ياخشىلاپ، مالىيە باشقۇرۇش ماھارىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

1942 - يىلى 2- ئايدا، جېڭ يىشىڭ بىر يۈرۈش ئادە-
دىغىنا ھەربىيچە شىڭشىسەينى كۆتۈرۈپ قاماققا ئېلىنىپ، بىر
ئېغىز تار كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ
ئورنىدىن تۇرۇپ، رەتلىك كىيىنىپ، روھلۇق، مۇلايىم ھالدا
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا "ئىشقا كەلگەن يولداشلار بە-
لەن بىرمۇ بىر قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ جا-
پاغا چىداپ ئاددىي - ساددە بولۇش تۇرمۇش ئىستىلى باش-
قىلا كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ بەزى ناھىيىلىرىدە باج

يىغىمش تۈزۈمىغا لايىقلاشقان، ھەر خىل – ھەر ياڭزا بولۇپ، چاتاقچىلىقلار بەك جىق ئىدى. ئاھىيىلىك ھۆكۈمەت غەللە – پاراق، باج قاتارلىق رەسمىي باجلارنى يىغقاندىن تاشقىرى، يەنە قاندانقتۇر كەپتەر بېجى، چاشقان بېجى دەيدىغان باجلار ۋە شۇنىڭدەك تۈرلۈك نامدىكى جەرىمانىلارنى ئالاتتى. جېڭ يىشىڭنىڭ ئەسلىشىچە، ئەينىۋاقىتتا قاغىلىق ناھىيەسىدە يەنە «باجنى كۆتۈرە ئېلىش» تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى مەۋجۇت بولۇپ، يىغىلغان باجنىڭ ناھايىتى زور قىسمى باجنى كۆتۈرە ئالغان «خاڭتۇ» لارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتەتتى. جېڭ يىشىڭ قاغىلىققا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا كىرىشتى، ھەرخىل ئالۋاڭ – ياساقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «باجنى كۆتۈرە ئېلىش» تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن نىزامنامە بويىچە باج ئالدى ھەمدە بەزى تۈرلەرگە دارامەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان باج تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇرۇن مەبلىغى ئاز كەمبەغەل دېھقان، چارۋىچىلار بىر قوي باقسا 5% باج تاپشۇراتتى. مەبلىغى كۆپرەكلىرى ئەكسىنچە ئاز باج تاپشۇراتتى. يېڭى باج نىزامنامىسىدا: «ئۈچ نوپۇس بار ئائىلىدە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن قوي توغرا كەلسە باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئىككىدىن قوي توغرا كەلسە ئەھۋالغا قاراپ باج ئېلىنىدۇ، ئۈچتىن قوي توغرا كەلسە نىزامنامە بويىچە باج ئېلىنىدۇ. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوندىن يۇقىرى قوي توغرا كەلگەنلەردىن ئاشۇرۇپ 8% باج ئېلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. جېڭ يىشىڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دارامەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان باج تۈزۈمىدىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىر سىياسەت كەڭ كەمبەغەللەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىت- تىپاقلاشتۇردى، بايلارغىمۇ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپرەك باج تاپشۇرۇشنىڭ ئەقىلغا مۇۋا- پىق ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.»

باج مەنبەئەنى ئېچىپ، باج كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، جېڭ يىشىڭ باج ئورگانلىرىنى ۋە خادىملىرىنى تەكشۈرۈشنى چىڭ- تۇتتى. بۇرۇن قاغىلىق ناھىيىسىدە ئاران ئۈچلا باج پونكى- تى بار ئىدى. جېڭ يىشىڭ ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇشتەك ئىبارەت قانۇنسىز قىلمىشلىرى- نى تىزگىنلەش ئۈچۈن باج پونكىتلىرىنى 13 كە كۆپەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى شەرقىي دەرۋازىدىكى خوتەن تاشيولى- غا، بىرسى شىمالىي دەرۋازىدىكى يەكەن – قەشقەر تاشيولىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتكەن – كەچكەن جۇڭگولۇق ۋە چەتئەل- لىك سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى تەكشۈرۈپ باج ئالدى. ناھى- يىلىك باج ئىدارىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرگۈچىلى- رىنى كۆپەيتىپ، قەرەللىك تۈردە ھەر قايسى باج پونكىت- لىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇپ، باج پونكىتلىرىنىڭ باج ئوغرىلىغان، باج يوشۇرغان، باجدىن قاچقانلارنى ۋەشۇنىڭ- دەك ئەتكەسچىلىك قىلغان چەتئەل سودىگەرلىرىنى تېپىپ چىقىپ قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

قاغىلىق بازىرىدا بۇرۇن قاسساپلار ھەممىلا جايدا قا- لايمىقان مال سوياتتى، باج ئوغرىلايدىغان، باج يوشۇرىدى- غانلار خېلى كۆپ، تازىلىقمۇ ناچار ئىدى. جېڭ يىشىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ناھىيىلىك 39- قېتىملىق مەمۇرىي يىغىنى- مۇزاكىرە قىلىپ، ناھىيە ئىچىدە بۇرۇن بار بولغان بىر قۇش-

خانىدىن سىرت، يەنە ئىككىسىۋدا بىر قۇشخانا قۇرۇشنى قا-
رار قىلدى. ئۇ قۇشخانا ياساشقا ئۆزى شەخسەن ئۇرۇن تال-
لاپ، باج ئىدارىسىدىكى خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ مەيدان
تۈزلەش، تام ئېتىش ئەمگەكلىرىگە قاتناشتى. قۇشخانا پۈت-
كەندىن كېيىن، قاسساپلارنىڭ بىردەك قۇشخانىدا مال سويۇش-
نى بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن باجگىرلارنىڭ باج يىغىشىمۇ ئا-
سانلاشتى. بۇرۇن ئون نەچچە باجگىر بولۇپ، ھەممە يەرگە
چېچىلىپ يۈرۈپ، بىر كۈندە ئاران 15 — 20 قويىنىڭ قان بې-
جىنى يىغىۋالالايتتى. ھازىر ھەممىسى قۇشخانىغا مەركەزلەش-
تۈرۈلگەچكە، ئىككىلا ئادەم باج يىغسا بازار كۈنلىرى
150 — 200 قويىنىڭ بېجىنى يىغىۋالىدىغان بولدى. قان بې-
جى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، مۇھىت تازىلىقىمۇ ياخشىلاندى.

جېڭ يىشىڭ باج ئىدارىسىنىڭ خام چوت، نەقچوت ۋە
مالىيە تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. يە-
غىلغان باج پۇللىرى كۈنلىكى يەكەن بانكا شۆبە خەزىنىگە
ئاپىرىلاتتى ۋە ئۆلكىلىك خەزىنىگە مەلۇم قىلىناتتى، ئۆزى
خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلىتىلمەيتتى. باج ئىدارىسىنىڭكىرىم-
چىقىمى، ئىشخانا راسخوتى، مائاش قاتارلىقلارنى يىللىق
خام چوتتا ئاساسەن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە يوللاپ تەس-
تىقلىتىپ، پەسىلگە بۆلۈپ يەكەن بانكىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن-
دىن كېيىن ئېلىپ ئىشلىتەتتى ھەمدە ھېسابتىن كۆتۈرۈشنى
تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان تەپسىلىي رەسمىيەت بولۇشنى بەل-
گىلىدى. جېڭ يىشىڭ ئۆزى شەخسەن ئۈلگە بولۇپ، مالىيە تۈ-
زۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىن جەنۇبىي شىن-
جاڭغا كەلگەندە كاماندىرۇپكا راسخوتىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈ-

دىغان چېغىدا بۇنىڭ ئىچىدىن 43.05 يۈەنلىك دورا پۇلى ھۆججىتى چىقتى، كېيىن بۇنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ئۆزى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا مەلۇمات بېرىپ، ئۆلكىلىك خەزىنىگە يۆتكەتتى (ھازىر ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمىدە ئەينى ۋاقىتتىكى مەلۇمات بار). بۇ ئىشنىڭ قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشىدا ئوينىغان تەربىيىۋى رولى ناھايىتى زور بولدى. جېڭ يىشىڭنىڭ ئەزەلدىن ئومۇمنى دەپ ئۆز نەپسىدىن كېچىدىغانلىقىنى قاغىلىق ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بۇرۇنلا تارقالغانىدى. ئۇ قاغىلىققا خىزمەتكە كېلىشتىن بۇرۇن، 1941-يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مالىيە - باج خىزمىتىگە كۆزەتكۈچىلىككە ئەۋەتكەن بولۇپ، يىل ئاخىرى ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان چېغىدا يانچۇقى قۇپ - قۇرۇق ئىدى، يەنە تېخى قەرزدار بولۇپ تۆلەشكە ئامالسىز قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاللىقاچان خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا يۆتكەلگەن ماۋزېمىن (جۇ ۋېبىڭ) خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يىغقان 100 يۈەن پۇلىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قەرزىنى تۆگىتىشىگە ياردەم قىلغانىدى. جېڭ يىشىڭ قاغىلىقتا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ئىشخانا ياساتقانلىق توغرىسىدىكى بىر ئىش كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ يۈرمەكتە. 1942 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلىدا ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تېمى بۇزۇلۇپ چۈشۈپ، خىزمەتكە دەخلى يەتتى. مالىيە نازارىتى-

دىن چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇرۇلۇش راسخوتى يەنە ئۈچىنىڭ بىرىدىگە كەملەپ قېلىپ ھەل قىلغىلى بولمىدى. جېلك يېشىمك باج ئىدارىسىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ باج موكاپات پۇلىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ياردەم قىلىشقا بولامدۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. موزاكىرە ئارقىلىق كۆپ-چىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جېلك يېشىمك ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان 10 ئايلىق باج مو-كاپات پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ باشلام-چىلىقى ئارقىسىدا، باشقا يولداشلارمۇ بەزىسى ئۈچ ئايلىق، بەزىسى ئالتە ئايلىق موكاپات پۇلىنى ياردەم قىلىپ، قۇ-رۇلۇش راسخوتىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى تولۇقلىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ماختاپ «باج ئىدا رىسىدىكىلەر ھۆكۈمەت قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ ئۆزلىرى پۇ چىقىرىپ ھەل قىلدى، ئۇلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىش روھ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.»، «جېلك جويجاڭ ئاجايىپ ئادەمكەن، پۇلىدىن كېچىپ، موكاپاتنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئۆيىنى ياساشقا ئىشلىتىپتۇ» دېيىشتى. جېلك يېشىمك باج ئىدارىسى-نىڭ خىزمەتچىلىرىگە تەلەپنى قاتتىق قوياتتى، ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم كۆپچىلىكنى سىياسەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، خىز-مەتچىلەرنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ماڭدى؛ ھەر ئايدا بىر قېتىم خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ خۇ-لاسىلاپ ماڭاتتى.

جېلك يېشىمك باج تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى. ئازساندىكى باج تاپشۇرمىغان

كىشىلەرگە قارىتا تەربىيىنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلىدى.
باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرسىلا جەرىمانە قويمىدى ياكى ئاز
قويدى. لېكىن خىيانەت قىلغان، باج يوشۇرغان ئەنزىـ
لەرگە قاتتىق چارە كۆردى. 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باج
يىغىش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ماۋۇچىڭنىڭ ئۆز ئالدىغا
تارازىنىڭ تېشىغا تۆت سەر ئېغىرلىقتىكى تاشنى قوشۇپ قو-
يۇپ 1050 جىڭ قوي يۇڭىنى ئارتۇق يىغقانلىقىنى تەكشۈ-
رۈپ تېپىۋېلىپ دەرھال ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىغا «تەك-
شۈرسەك ھەقىقەتەن قانۇنسىزلىق قىپتۇ، نىزامنامىغىمۇ ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ، خەلققە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان» دەپ مەلۇمات يازدى.
تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئۇ ئارتۇق يىغىۋالغان قوي يۇڭىنى
ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە بىر چوڭ گۇناھ يېزىپ،
بىر ئايلىق مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىبرەت
قىلدى. گۇڭنىڭ نىجوي بىر توپ قوي باققان بولۇپ، باج تاپشۇر-
دىغان چاغدا قويىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئاز مەلۇم قى-
لىپ باج يوشۇرغان، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن
ئۇلاردىن باجنى تولۇقلاپ ئالدى ۋە جەرىمانە قويدى. بۇ
ئارقىلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئادىل، قانۇنغا رىئايە
قىلىدىغان بولۇشقا تەربىيىلىدى. كىشىلەر: «باج ئىدارىسى
باج بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ئەھۋاللارنى سەزگەندە مەيلى كىم
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي بىردەك
قاتتىق چارە كۆردى، ئىش بېجىرىشتە ھەقىقەتەن ئەستا-
يىدىل، خالىس، ئادىلكەن» دېيىشتى.

جىڭ يىشىڭنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسە-
تىشى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە ـ باج خىزمىتىنىڭ

قىيا پەتى تېز لىكتە ياخشىلىنىپ، 1942 - يىلىدىكى باج كىرىمى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 10% ئاشقان.

جېك يېشىنىڭ خىزمەتتە قىلچە بىخەستەلىك قىلماي يىتتى، ئادەتتە ياشلار بىلەن دوست بولۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇلارغا يا پونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، يا پونغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگەتتى. باج ئىدارىسىنىڭ بىر پېشقەدەم كادىرى جېك جۈيجاڭنىڭ ئۇلارغا «بىز ھەممىمىز مەرگەنلەر» دېگەن ناخشىنى ئۆگەتكەنلىكىنى تا بۈگۈنگىچە ئېسىدىن چىقارمىغان. جېك يېشىنىڭ خىزمەتتىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ھەمىشە ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ھال - ئەھۋال سوراپ، خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ماللىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ مېھمان بولاتتى، بەزىدە ئۆزى شەخسەن ئانا يۇرتىنىڭ سەيلىرىدىن بىرقانچىنى قورۇپ، بەزى خىزمەتچىلەرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىراتتى. كۆپچىلىك ئۇيۇلتاشتەك ئىناق، مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى.

جېك يېشىنىڭ شىنشىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۆتكىلىپ كېتەر چېغىدا، ھاكىم خەن جىشيەن، مۇئاۋىن ھاكىم ھاكىم يۇسۇپ، باج ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان پۇقرالار ئۇنىڭ قېپقىلىشىنى ئۆتۈنۈپ، قاغىلىقتىن ئايرىلغىلى قويمىدى. يۆتكىلىش بۇيرۇقى 1942- يىلى 8- ئايدا چۈشكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ قېتىم تېلېگىراما كېلىپ سۈيلىگەن بولسىمۇ، 11- ئايغا بارغاندا ئاندىن ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويدى.

جېنىك يىشىنىڭ 1943- يىلى 2- ئايدا ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدى. تۈرمە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر كامېرغا قامالغان شۈيلىياڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تۈرمىنى مەكتەپكە ئايلاندۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزملىق كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللارنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ئارا كۆيۈنۈپ، كۈرەشنى ئۇزۇن مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇردى. تۈرمىدە ئۇ چوڭ - كىچىك ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىگە يەتتە قېتىم قاتنىشىپ، ھەر قېتىمدا بەزى غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ئەڭ مەركەزلىك، ئۆتكۈر كۈرەش سوراقتىن ئۆتۈش بولۇپ، سوراق قىلىنىشقا قارشى كۈرەش دېيىلەتتى. شىڭ شىسەي يالغاندىن پاكىت ويدۇرۇپ، ئاتالمىش گۇڭچەنداڭنىڭ «12- ئاپرېل» قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سۇيىقەست قىلغانلىق ئەنزىسىنى پەيدا قىلىپ، قىيناپ سوراق قىلىش ئارقىلىق خۇپىيانە مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. تۈرمىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جازاسايمانلىرى 180 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، جازالاش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن قەبىھ ۋەھشى ئىدى. ھەر قېتىملىق سوراقتا، جېنىك يىشىنىڭ ھەققانىي سۆزلەر بىلەن دۈشمەنگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، چارىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۈچ يېرىم يىللىق قەھرىمانانە كۈرەشلەر ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن، جېنىك يىشىنىڭ تۈرمىگە قامالغان باشقا كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلىپ، غەلىبىلىك ھالدا يەنئەنگە قايتتى.

# چېنيىمىڭ يەكەندە

چېنيىمىڭ، ئەسلى ئىسمى چېن چۈنشېن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇكىن ناھىيەسىدىن. 1915 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ ئېلى بۇرۇنلا يۇرتىدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 1937- يىلى ۋۇخەندە پارتىيەمىزنىڭ يولداشلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئاۋام ھەپتىلىكى» ژۇرنىلىدا كوررېسپوندېنتلۇق ۋە تارقىتىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1938- يىلى يەنئەنگە كېلىپ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938- يىلى 10- ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، يەكەن، ئاقسۇ، كىرىيە قاتارلىق جايلاردا باج ئىدارىسىدا مۇئاۋىن جۇيجاڭ، جۇيجاڭ، خوتەن ئالتۇنكان ئىدارىسىدا جۇيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1943- يىلى 4- ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىپ، 1946- يىلى 6- ئايدا قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى ۋە ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى بولۇپ، كېيىن نېفىت ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى، نېفىت سانائەت مىنىستىرلىكى غەربىي - شىمال باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، شەرقىي جۇڭگو نېفىت باشقارمىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، قوشۇمچە مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان.

1939-يىلى 2-ئايدىن 1940-يىلى يازغىچە، چيەنپىڭ يەكەن ناھىيە يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى بولغان مەزگىلدە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن تۈزگەن تۈرلۈك مالىيە - باج خىزمەت فاكىتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، يولداش ماۋزېمىن ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىدى. چيەنپىڭنىڭ 1939-يىلىنىڭ بېشىدا يەكەنگە كېلىشى دەل يولداش ماۋزېمىن رەھبەرلىك قىلغان پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى پەيتىگە توغرا كەلدى. شىڭ شىسەي قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقاتقانلىقتىن، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى بىر كۈندە نەچچە ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىرلا ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان پۇللار قالايمىقان بولۇپ، ئۆلكە پۇلى، قەشقەر پۇلى ۋە رۇبلى، رۇپىيە قاتارلىق چەت ئەل پۇللىرىمۇ بار ئىدى، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە سۇندۇرۇپ خەجلەپ، پۇقرالار زار قاقشايتتى. يولداش ماۋزېمىننىڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ باشقۇرۇلغانلىقىدىن بولغان (خۇسۇسىي سودىگەرلەر 40% پاي قوشقان)، كېيىن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن كاپالەتلىنىك قىلىنىدىغان يېڭى پۇل تارقىتىلدى، ھېسابلاش بىرلىكى «سەر» دىن «دوللار» غا ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلكە پۇلىدىن 2000 سەرگە، قەشقەر پۇلىدىن 1600 سەرگە بىر دوللار يېڭى پۇل ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. چيەنپىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ياخشىلىقىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى يېڭى پۇل ئالماشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، كونا پۇللارنى تېگە-

شىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل كونا پۇللار پاكىپاكىز تېگىشتۈرۈلۈپ، ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلىسىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى.

يەكەندە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان بولۇپ، يەر بېجى مالىيە - باج كىرىمىنىڭ چوڭ بېشى ئىدى. 1939 - يىلى قىشتىن 1940 - يىلى ئەتىيازغىچە يەر بېجىنى يىغىۋالىدىغان پەسىل بولۇپ، دېھقانلار ئاشلىقىنى ئات ھارۋىسى، كالا ھارۋىسى ياكى ئېشەكلەرگە ئارتىپ ئەكىلىپ باج تاپشۇراتتى. بەزىدە باج تاپشۇرىدىغان ئادەم كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئەتىسىگىچە ساقلاپ، ئاشلىقنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى، يولى ئۇزاقلىرى بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قانچە كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. چيەنپىڭ ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى، دېھقانلارنىڭ سوغۇق ۋە ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامال قىلىپ ئۇلارغا ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، ئاشلىق تاپشۇرغىلى كەلگەن قېرىسالار ۋە بالىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ چاي قۇيۇپ بەردى، ئىسسىندۇردى. دېھقانلار باج ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ بۇرۇنقى تەلەتى سۈرۈن، ئۆكتەم، زورىگەر قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا چيەن جۈيجاڭغا كەينى-كەينىدىن تەشەككۈر ئېيتىشتى. كېيىن چيەنپىڭ يەنە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، ناھىيىگە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار يەر بېجى ئۈچۈن ئاشلىق تاپشۇرىدىغان، ناھىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېراق جايدىكى دېھقانلار پۇل تاپشۇرسىمۇ بولىدىغان بەل-
گىلىمە چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن يىراقتىن كېلىدىغان دېھ-
قانلار شەھەرگە كىرىپ قاتتىق سوغۇق ۋە ئاچ قورساق قىلىق-
نىڭ دەردىنى تارتمايدىغان بولدى. يەكەندە ھاكىم بولغان
يۈيۈەنچىن: «چىيە نېيگىنىڭ نامرات خەلقلەرگە غەمخورلۇق
قىلغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا خېلى
بۇرۇنلا دىققىتى قوزغالغانىدى» دېگەن. بەزى ئامما
چىيە نېيگىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە بىلەتتى.

غەللە - پاراق يىغىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن-
دە، ئاشلىق پونكىتى بىلەن باج ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى
بەك ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. غەللە - پاراق ئالىدىغانلار
كۈندۈزى ئاشلىق ئەكەلگەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى بىر-بىر-
لەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئامبارغا كىرىم قىلسا،
كېچىسى ئائىلە بويىچە تۈرگە ئايرىپ ھېسابقا ئولتۇرغۇ-
زاتتى، خىزمەت مىقدارى كۆپ بولۇپ، ھەركۈنى 14—15 سا-
ئەت ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. چىيە نېيگىمۇ كۆپچىلىك بىلەن
بىللە يېرىم كېچىلەرگىچە ئىشلەيتتى. غەللە - پاراق ئاشلىق-
نىڭ سانىنى ھېسپلايدىغان چاغدا، ئۇ ئىككى قولى بىلەن
چوت سوقاتتى، ھېسابلاش سۈرئىتى شۇنداق تېز ۋە توغرا
ئىدى، بىرقانچە كىشى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ چوت سوققان بول-
سا، ھامان چىيە نېيگىنىڭ چوتتا چىققان سانىنى ئۆلچەم قى-
لاتتى، كىشىلەر ئۇنى «ھېساپ ئەۋلىياسى» دەپ ماختىشاتتى.
يەر بېجى يىغىش ئارقىلىق، چىيە نېيىڭ يەكەندە يەر مۇنا-
سىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، يەر بېجىنىڭ ئىنتايىن نامۇۋا-
پىقلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى، 30—40% يەرسىز ياكى يېرى ئاز

دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى، يەر ئىجارە توختاملىرىدا، باجنى ئىجارىگە ئالغۇچى كىشى تۆلەيدۇ ۋە يەرنىڭ دو سانىغا قاراپ ھاشارغا ئىشلەيدۇ دەپ ئېنىق يېزىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن يەر بېجى سېلىقى تامامەن دېھقانلارغا ئىتتىرىپ قويۇلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئاز بولمىغان پومېشچىكلار مىراپ بولۇۋېلىپ، سۇ مەنبەلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالاتتى. بۇ پومېشچىكلارنىڭ زور مىقداردا يېرى بولۇپ، ئىجارە بېرەتتى، سۇ ساتاتتى، باج تاپشۇرماي يېزىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ خەلققە زۇلۇم سالاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خاڭدى يېزىسىدىكى نۇربەگ، ئاۋاتتىكى ئابدۇقادىر توكۇر، چارەكتىكى ئىسمايىل بەگ دېگەنلەر شۇ جايدىكى پۇقرالار ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان بايلاردىن ئىدى. 1940 - يىلى پەيدىنپەي يەرلەرنى تەكشۈرۈپ، يەر بېجىنى ئېنىقلاش باشلاندى. 5 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن «توختاملىق باجنى يوشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىسى» نى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ، توختام بېجى تاپشۇرمىغانلارنى بىرتەرەپ قىلىش چارىلىرىنى بەلگىلىدى. چيەنيېڭ مۇشۇ ئىشقا ئاساسەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، يەر كىمنىڭ ئىگىلىكىدە بولسا باجنى شۇ تاپشۇرىدىغانلىقى، ئەگەر باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلسا ياكى ئۆزىچە دېھقانلارغا ئىتتىرىپ قويسا رەھىم قىلماي قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. خاڭدى يېزىسىدىكى چوڭ باي نۇربەگ باجغا قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى، چيەنيېڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئامانلىق

ساقلاش تەرتىپىنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ بېرىپ باجنى سۈيلەپ ئالدى ۋە بىر قېتىمدىلا 200 يۈەن جەرىمانە قويدى، ئەمما تەجەب ئوبدان بولدى دەپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، باجتا پىشۇرغۇچىنىڭ يەرلىرىنىڭ مو سانى، يېرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلمەي قويۇلغان باج ئۆزئارا ماس بولۇپ، سېلىق ئەقماغا مۇۋاپىق بولدى، چيەنپىڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانىدىن كېيىن يەرلەرنى ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ دەرىجە بويىچە باج ئالىدىغان بولدۇق، ياخشى يەردىن 10 جىڭ، ئوتتۇرا يەردىن يەتتە جىڭ، ناچار يەردىن ئۈچ جىڭ چامىسىدا باج ئېلىناتتى. يەر بېجىدە ئاددىي نەرسە ۋە پۇل دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى، بىر جىڭ بۇغداي بىر موچەنگە سۇندۇرۇلاتتى، بىر جىڭ قوناق تەخمىنەن 5—6 پۇڭغا سۇندۇرۇلاتتى. ئەينى چاغلاردا يەكەننىڭ مۇ بېشى مەھسۇلاتى بىر قانچە 10 جىڭدىن 200 نەچچە جىڭغىچە ئاشىدىغان بولۇپ، پۇقرالار ئادەتتە بۇ باجنى كۆتۈرەلمەيتتى.» سودا - سانائەت بېجى ۋە باج يىغىش ئۇسۇلىنىمۇ ئىسلاھ قىلغان. چيەنپىڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تاختاي بېجى بۇرۇن كاپىتالىستنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش نورمىدا باج ئېلىناتتى، بىز دەسمايىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن نىسبەت بويىچە داراماتقا قاراپ ئۆسۈپ بارىدىغان باجغا ئۆزگەرتتۇق، يەكەن نىسبەتەن باي جاي بولۇپ، بىر يىلدا يىغىۋېلىنىدىغان يەر بېجى 5—6 مىليون جىڭغا يېتەتتى، چارۋا بېجى بىر - ئىككى يۈزمىڭ يۈەنگە يېتەتتى، سودا - سانائەت بېجى چارۋا بېجىدىنمۇ كۆپرەك ئىدى.»

باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، چيەنپىڭ جاپا-مۇشەققەتكە قارىماستىن ھەممە دېگۈدەك يەكەن باج ئىدارىسىغا قاراشلىق يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسى ئەينى ۋاقىتتا يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر دېگەن ئىككى ناھىيىدىن ئىبارەت ئىدى، 1942-يىلى ئىككىسىنى قوشۇپ بىر ناھىيە قىلىۋېتىلگەن)؛ پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەر ئارىسىدا قاتراپ باج خىزمىتىنى تەكشۈرەتتى. ئۇنىڭ يەكەندە ئالغان خوتۇنى ليۇچىڭجى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «چيەنپىڭ جەنۇبلۇق بولۇپ، ئەسلى ئات مىنىشنى بىلمەيتتى، داۋاملىق يېزىغا چۈشۈپ تۇرغاچقا ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋالغان.» چيەنپىڭ ئاتقا مىنىپ يېزىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كۆپىنچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يەيتتى، بەزىلەر ئۇنىڭ تۇرمۇشقا كۆنەلمەي، بەدىنىنى كاردىن چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا ئىدارىغا قايتىپ كېلىپ ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئۇ سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلغانىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ كەسپداشلىرىغا: ھۆكۈمەت خادىمى بولغان كىشى پۇقرالار ئۈچۈن كۆپرەك پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم. ئۇنداق قىلمايدىكەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدۇ، دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداش روھى باج خادىملىرىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. بۇرۇن جاپالىق خىزمەتتىن قاچىدىغان، كېسەللىنى باھانە قىلىپ ئىدارىغا قايتىشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرمۇ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىغىچە ئىدارىغا قايتمايدىغان بولدى.

چىيە نىڭمىڭ كەسىپكە پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، يەكەن ناھىيىسىدە جەمئىي 60 تىن ئارتۇق باج خادىملىرى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە كىشى ئازادلىقتىن كېيىن ئىزچىل تۈردە يەكەن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدا ئىشلەپ كەلدى (ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ بولدى).

چىيە نىڭمىڭنىڭ يەكەن خەلقىدە قالدۇرغان تەسىرى: چەبدەس، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ھەم ئوچۇق تېتىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى خوتۇنى ليۇ چىڭجى مۇنداق دەيدۇ: «چىيە نىڭمىڭ كىشىلەرگە كەڭ قورساق ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ بىر مۇنچە كىيىم قىلدۇرۇپ، شۇ جايدىكى ھېچقانداق تايانچىسى يوق بەزى ئۇيغۇر قېرى-سال كىشىلەرگە تەقدىم قىلغان.» چىيە نىڭمىڭ ياپونغا قارشى ئارقا سەپ ياردەمچى گۇرۇپپا (شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى تەشكىلات) نىڭ ئەزاسى ئىدى. باج خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ مەكتەپكە بېرىپ سىياسىي دەرس ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئەدەبىي-سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوتقۇزۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ سەنئەت نومۇرلىرىغا رېژىسسورلۇق قىلالايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ۋە باج ئىدارىسىدىكى ياشلارنى تەشكىللەپ كومېدىيە تەييارلىدى،

يا پونغا قارشى ناخشىلارنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، يا پونغا قارشى ئىمانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1940- يىلى بازاردا بىر قېتىملىق ئىمانە توپلاشتا 600 يۈەن پۇل چۈشكەنىدى. بۇ ئىشتا 40 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەينى ۋا- قىتتا مۇشۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىدە تۇرىدۇ.

شىڭ شىسەي كوممۇنىستلارنىڭ ئاما ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن يۆتكەپ تۇراتتى. 1940 - يىلى يازدا، چېنپىڭ ئاقسۇ باج ئىدا- رىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭلىقىغا يۆتكەلدى. 1941 - يىلى 9 - ئايدا يەنە كىرىيە باج ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى، قوشۇمچە خوتەن ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا يۆتكەلدى. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا ئالتۇن كاندا ھەر بىر ئالتۇن چايقىغۇچى ئىشچىنىڭ ئۈچ مىسقال ئالتۇن تاپ- شۇرۇشى بەلگىلەنگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئەڭ كۆپ بول- غاندا بىر - ئىككى سەر ئالتۇن چايقاشقا بولاتتى. بۇ- نىڭ بىلەن شۇ جاينىڭ ھاكىم، جۇيجاڭلىرى قىسىپ قېلىش، شىلىۋېلىش، باھانە بىلەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق، ئۈچ يىل- لىق ۋەزىپە مۇددىتى توشقىچە ھامان 100 سەر چامىسىدا ئالتۇن غەملىۋالاتتى. لېكىن مەن ئۆزۈمگە چاڭ قوندۇرمى- غان، ئەينى ۋاقىتتا بىر كوجاڭ بولۇپ، گۇڭشەنجۇدىن ئۇنى مېنى نازارەت قىلىشقا قىستايتۇ، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ يىغلىسىراپ شۇنداق دەيدۇ: «سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە بىر يىلدىن ئاشتى. بىر پۇڭنىمۇ خىيانەت قىلمىدىڭىز، ئۇلار تېخى مېنى سىزنى نازارەت قىل دەۋاتىدۇ، مەن قانداقمۇ

بۇنداق ئىشنى قىلاي.»» بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كوممۇنىست بولغان چىيە نېمەك، پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار بولۇپ، خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن. شىمەك شىسەي كوممۇنىستلارغا مەڭگۈ ھېسلە - مەككىلەر بىلەن قارا چاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئازراقمۇ ئاساسقا ئېرىشەلمىگەن.

1942 - يىلى يازدا، چىيە نېمەك شىمەك شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىگە تاشلاندى، مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن بىر ئائىلە ۋەيران بولۇپ، ئەر - ئايال ئايرىلىپ كەتتى. ئوغلى چىيەن شاۋېك ئىسمىنى لىيۇخە دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇياق - بۇياقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جېنىنى ئاران ساقلاپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن، چىيە نېمەك شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ نېفىت ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ نېفىت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## چېڭ جيۇكى يەكەندە

چېڭ جيۇكى، شىنجاڭدا قوللانغان ئىسمى چېن جيۇكى، سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چېڭگۇ ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1909 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى يىللاردا سەندۇڭنىڭ جىنەن سىفەن شۆيۈەنىدە ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن جىنەن ناھىيىلىك دېھقانلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنقىلابىي تەسىرىگە ئۇچراپ ئىدىيە جەھەتتىن تېز ئويغانغان. 1937 - يىلى «7- ئىيۇل»

لوگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ ياپون باسمىچىلىرى
نىڭ ئاجاۋوزى ئالدىدا گومىنداڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى
قولدىن بېرىپ دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرگەنلىكى، مىللەتنىڭ
خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشـ
كەنلىكىنى ھېس قىلىپ قەتئىي ھالدا قەلەمنى تاشلاپ ئە-
لەمنى قولغا ئېلىپ ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلان-
دى. كېيىن يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى
ئارقىلىق، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، تۆت ئۆلكىنى بېسىپ
بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جاپالىق سەپەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ
1938 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس جايى — يەن-
ئەنگە يېتىپ كېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشتى. ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ شىمالىي شەنشى دۆلەت مەكتىپى، ياپونغا قارشى ھەر-
بىي سىياسىي داشۆ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى.
1938 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو گوڭچەنداڭغا كىردى، شۇ
يىلى 10 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن
شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. 1939 - يىلى 2 - ئايدا
ئۇ ئاقسۇ يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى بولدى
1940- يىلى يازدا يەكەن يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن
جۇيجاڭى بولدى، 1941 - يىلى 5 - ئايدا تەكلىپ بىلەن يە-
كەن يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتى بولدى.
1941- يىلى 9- ئايدا يەنە ئاقسۇ مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن جۇيجاڭلىقىغا يۆتكەلدى. 1943- يىلى 4- ئايدا شىڭشى-
سەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىندى. ئۇنىڭ خوتۇنى جۇجيەن-
مۇ بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىردى. 1946 -
يىلى 6 - ئايدا كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتتى.

1953 - يىلى ئۇ بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنىستىتۇتىغا خىزمەتكە يۆتكىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككىنچى بۆلۈم، ئۈچىنچى بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنىستىتۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە رەھبەر كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. «مەدەنىي-يەت زور ئىنقىلابى» دا ۋەھشىيانە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ 1974 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھەق ئۆلۈپ كەت-كەندى، 1978 - يىلى ئاقلاندى.

1940 - يىلى يازدا، چېڭجيۇكې، چېيەنپېڭنىڭ ئورنىغا يە-كەن يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى بولدى. ئۇ ما-لىيە - باج خىزمىتى جەريانىدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارە-تىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن تۈزگەن فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق بىلەن ئورۇندىدى. 1940 - يىلى 7 - ئايدا، ماۋزېمىن يەر-نىڭ موسانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەر بېجى كىرىمىگە كاپا-لەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى رايون، ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىغا يەرلەرنى تەكشۈرۈپ يەر خېتىنى دۆلەتلەشتۈ-رۈش خىزمىتى توغرىسىدا، ئومۇمىي تىپىكرامما تارقاتتى. تىپىكراممىدا ھەر قايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرى ۋە شۆبە ئىدارىلىرىنىڭ «تېزلىكتە ئۆز ناھىيىسىنىڭ ھاكىملى-رى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىش، قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇن-لىشى» بۇيرۇلغان. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ بەلگىلى-مىسىگە ئاساسەن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە باج ئى-دارىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇل بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت،

باج ئىدارە، بانكا، گومىنداڭجۈي قاتارلىق ئورۇنلاردىن 30 نەچچە كىشى ئاجرىتىپ يەر خىزمىتى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، چېڭجيۇكى يەر خىزمىتى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە كونا يەر خەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېنىقلاپ، نوپۇس، يەر مو سانى ۋە باج سانىنى تەزىملاپ چىقتى ۋە ماۋزېدوڭنىڭ يوليورۇقىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللار بويىچە يەر خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئادەتتىكى دېھقان بولسا تېرىلغۇ يېرىنىڭ مو سانىنى ئۆزى مەلۇم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەگەر كومىتېت قانائەت ھاسىل قىلسا ئۆزى مەلۇم قىلغان سان بويىچە تىزىملىدى، ئەگەر پومېشچىكلارنىڭ يەر يوشۇرغانلىقىنى ئامما پاش قىلسا ياكى كومىتېت تەكشۈرۈپ سېزىپ قالسا دەرھال ئۆلچەش ئېلىپ باردى، پومېشچىكلار ئىجارىگە بەرگەن يەرلەرنى چېڭجيۇكى مەخسۇس گراپىغا تىزىملاپ، يەر بېجىنى پومېشچىكنىڭ ئۆزىگە ئارتتى. ئەگەر پومېشچىك ئىجارىگە بەرگەن يېرىنى ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىسا، يەر ئىجارىكەش دېھقانلىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى. 1940 - يىلى 8 - ئايدا، يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىغان مەلۇماتىدا: «يەرنىڭ مو سانىنى ئۆلچەپ ئېنىقلاپ، سېلىق مۇۋاپىق بېكىتىلدى، يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقوقى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئىللەتلەر چەكلەندى» دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يەر خەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەر ماجىرالىرى ھەل قىلىنغان، يەرنىڭ مو سانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يوشۇرۇلغان يەرلەرنى تېپىپ چىقىپ، دېھقانلىڭ زىممىسىدىكى يەر بېجى مۇۋاپىقلاشقان، ھۆكۈمەت

يىغىۋالىدىغان يەر بېجىمۇ بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە كۆ-
پەيگەن. 1941 - يىلى كۈزگىچە، يەكەن ناھىيىسىدە جەمئىي
560 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنىڭ يەر خېتى تەكشۈرۈلگەن. بۇ-
رۇن يەر بېجى ئۈچۈن 29 مىڭ دەندىن ئارتۇق ئاشلىق يى-
غىۋېلىنىۋاتتى، يەرنىڭ مو سانىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈلگەندىن كېيىن ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار يەرلەر 18 مىڭ مو
ئارتۇق چىقىپ، باج ئاشلىقى 2800 دەندىن كۆپرەك ئاشقان.

1940 - يىلى يازدا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تېرىم، خاڭ-
دي رايونىدا ئاۋۋال قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى، كې-
يىن يامغۇر ئاپىتى يۈز بېرىپ يازلىق زىرائەتتىن پەقەت
ھوسۇل چىقمىدى. چېڭ جيۈكې ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇل-
لىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى شەخسەن مەزكۇر جايغا
بېرىپ تەكشۈرۈپ زىيارەت قىلدى، ئاپەت ئەھۋالىغا ئاسا-
سەن، بۇ جايدىكى 233 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ بېجىنى كېمەي-
تىپ ۋە كۆتۈرۈۋېتىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتى.

1940 - يىلى قىشتىن 1941 - يىلى ئەتىيازغىچە، يە-
كەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر ئىككى ناھىيىنىڭ يەر
بېجىنى يىغىش خىزمىتى جەريانىدا، چېڭ جيۈكې باج ئىدا-
رىسىدىكى خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ، يېڭى خىزمەت ئىستىلى-
نى جارى قىلدۇرۇپ، دائىم يېرىم كېچىلەرگىچە ئىشلىدى.
1941 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يەكەن ناھىيىلىك باج
ئىدارىسىنىڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە يوللىغان مەلۇ-
ماتىدا مۇنداق يېزىلغان: «يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يې-
ڭىشەھەر ئىككى ناھىيىنىڭ بېجى بىر بولسىمۇ ئىككى يېرىم
ئاي ۋاقىت ئىچىدە 60 مىڭ دەندىن ئارتۇق نورمىدىكى ئاش-



www.uyghurkitap.com

لىقىنى يىغىۋالدۇق.»، «خىزمەتداشلار يېڭى خىزمەت ئىستىلىنى
جارىي قىلدۇردى. بۇلتۇر 9 - ئايدىن باشلاپ يېڭى ھېساب
دەپتىرى ئېچىشقا كىرىشكەندۇق، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۈچ
سائەت قوشۇپ ئىشلەپ، تاكى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باج
ئېلىش باشلانغانغا قەدەر ئىككى يېرىم ئاي ۋاقىت كەتتى.
باج ئېلىش باشلانغاندىن كېيىن، دائىم ئىسكىلاتتا ئىشلەي-
دىغانلاردىن سىرت، ئىدارىدىكى خىزمەتداشلارمۇ ئىشتىن
چۈشكەندىن كېيىن ئىسكىلاتقا بېرىپ ئىشلىدى. ئاساسىي باج
(يەنى ئاشلىق) يىغىدىغان چاغدا كۈنلىكى ئاخشىمى سائەت
11 ياكى 12 لەردە ئىشتىن چۈشتۇق. پۇلغا سۇندۇرۇلغان
باجنى يىغىدىغان چاغدا، ھەر كۈنى كېيىنكى يېرىم كېچە
سائەت بىر ياكى ئىككىلەردە ئاندىن دەم ئېلىشقا توغرا
كەلدى، ھەتتا بەزىدە سائەت تۆت بولغاندا ئاران تۈگەيت-
تى. قىسقىسى شۇ كۈننىڭ ئىشىنى شۇ كۈنى تۈگىتىپ ماڭدۇق
بولمىسا ئەتىسىدىكى خىزمەتلەرگە تەسىر يېتەتتى. گەرچە مۇ
شۇنداق جاپالىق بولسىمۇ، خىزمەتداشلار تاكى پۈتكۈل
خىزمەتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزگەنگە قەدەر بوشاشماي تىرىشىپ
ئىشلىدى.» مەلۇماتتا يەنە: «مالىيە نازارىتى چۈشۈرۈپ
بەرگەن باج راسخوتى 5350 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن چىقىم
قىلىنغىنى 2600 يۈەن، ئېشىپ قالغىنى يېرىمىنى ئىگىلەي-
دۇ» غانلىقى قەيت قىلىنغان. چېڭ جيۈكې ۋە باج ئىدارىسى-
نىڭ جۇيجاڭى زوۋلىيەنجېڭ مۇكاپات ئۈستىدە توختالغىنىدا
مۇنداق دېگەن: «كېيىنە ئىككىمىزنىڭ مۇكاپاتىنىڭ يېرىمىنى
بەرسە ياكى پەقەت بەرمىسىمۇ مەيلى، لېكىن خىزمەتداشلار-
نىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق چۈشۈرۈپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمىز.» بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلۇماتىنىڭ ئۈستىگە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مۇنداق تەستىق سالغان: «خىزمەتتە ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەن خادىملارغا يەر بېجى مۇكاپاتى ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپات بېرىلسۇن.»

چېك جيوكي يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەردە جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ئىنتايىن ئوسال ئىكەنلىكىنى، قىمار ئويناش، نەشە چېكىش ھادىسىلىرىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش ئارقىلىق قىمار ۋە نەشىنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى ھەمدە كۆيدۈردى، چىرىك كىرجىلەرگە زەربە بېرىپ، ئامىۋى كەيپىياتنى ئۆزگەرتتى.

چېك جيوكي ئىقتىدارلىق، تالانتلىق ئادەم بولۇپ، ئويۇن قويۇش، ناخشا ئېيتىش، غىجەك چېلىشنى بىلەتتى، رەسىم سىزالايتتى، ھۆسن خەت يازالايتتى. ئۇ باج ئىدارىسىدا ناخشا ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈشكە يېرىم سائەت قالغاندا خىزمەتچىلەرگە «قىلىچ مارشى»، «5 ـ ئايدىكى قىزىل گۈللەر»، «پىدائىيلار مارشى» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتەتتى. ئۇ يەنە مەكتەپكە ياردەملىشىپ ئەدەبىي ـ سەنئەت تەشۋىقات دۆيى تەشكىللەپ، ياپونغا قارشى نومۇرلارنى تەييارلاپ، مەكتەپ، ئىدارە ۋە ھەر خىل يىغىلىشلاردا، شۇنىڭدەك بازار كۈنلىرى ئاممىغا ئويۇن قويۇپ بېرەتتى. ئويۇندا ئاممىنىڭ تىياتىر مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ھەر بىر نومۇرنى باشلاشتىن بۇرۇن ياكى قويۇۋاتقان چاغدا تەرجىمان ئارقىلىق چۈشەندۈرەتتى. چېك جيوكي ئۆزى سەھنە ئەسىرى تۈزۈپ، ئۆزى

رولغا چىققانتى. بىر قېتىملىق ئېيىتىمدا چېڭ جيۇكى بىر قېرى موماينىڭ رولىغا چىققان بولۇپ، ياپون باستۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ۋەھشىيانە قىرغان زوراۋانلىقىنى ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان چېغىدا بەكمۇ ئوخشىتىپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. كۆرۈۋاتقان ئاممىنىڭ ھەققانىي غەزىپى ئۆرلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلىۋەتتى. ھەر قېتىملىق ئويۇن ئاممىنى ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. چيەنىپىڭ، چېڭ جيۇكى قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي-سەنئەت تەشۋىقات پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر ناھىيە ئەتراپلىرىدا ياپونغا قارشى ناخشىلار ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا ياڭراپ تۇراتتى.

چېڭ جيۇكى يالغۇز ئاممىنى قوزغاش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەپداشلىرىنىڭ ياخشى ئۇستازى، ئوبدان دوستى ئىدى. ئۇ باج ئىدارىسىدا ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ياشلارغا «سىياسىي-ئىقتىساد»، ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلىرىنى فۇداۋ قىلىپ بېرەتتى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم فۇداۋ قىلىپ ئۆزى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇراتتى، قالغان ۋاقىتلاردا ھەر كىم ئۆزى كىتاب ئۆگىنەتتى. ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق، بەزى ياشلار ئارىسىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنى تارقىتىپ، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە مەرىپەت تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.

چېچەك جىيۇكې كىشىلەرگە نىسبەتەن قىزغىن، چىقىشقاق بو-
لۇپ، ھەر يىلى ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى قارا خىزمەتچىلەر
بولمىسۇن ھال-ئەھۋال سوراپ، قىلمىغان ياخشىلىقلىرى قال-
مايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى: «چېچەك
جۇيجاڭ ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، بىز ھەممىمىز ئۇ-
نىڭغا يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرەتتۇق» دېيىشىدۇ. ئۇ ھە-
مىشە ئاز سانلىق مىللەت كەسىپداشلىرىدىن ئۇيغۇرچە ئۆگە-
نەتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا خەنزۇچە سۆزلەشنى ئۆگىتەتتى؛ ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھېيت-
ئايەملەردە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتىنى مۇبارەكلەيتتى.

چېچەك جىيۇكې يەكەن كونىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر نا-
ھىيىلىرىدە بىر يىلدىن كۆپرەك خىزمەت قىلىپ كىشىلەرگە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. 1941-يىلى 9-ئايدا ئۇ ئاقسۇغا
خىزمەتكە يۆتكەلدى، 1942-يىلى 6-ئايدا، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ
كېتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىردى. چېچەك
جىيۇكې تۈرمىدە دۈشمەنلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇپ، قەيسەرلەرچە تىز پۈكمىدى. بىر قىسىم گۇن-
دېپيالار ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، پەلتۇسىنى سالدۇرۇپ يەرگە بې-
سىپ، قامچا ۋە كالتەك بىلەن بىر مۇنچىنى ئۇردى. دۈشمەن-
لەر ئۇنى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغاندا، ئۇ قەتئىي
ھالدا: «كاللاڭنى دېسەڭ مانا ئال، لېكىن مېنى كوممۇنىستىك
ئېتىقادىمدىن ۋاز كەچ دەيدىكەنسەن بۇ مۇمكىن ئەمەس!» دەپ
جاۋاب بەردى. گومىنداڭ ئۇنىڭغا خىزمەت تەقسىم قىلىپ
بېرەيلى دېسىمۇ ئۇ قەتئىي رەت قىلدى، كوللېكتىپ ھالدا
تۈرمىدىن بوشىتىپ يەنئەنگە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇنىڭ ئاقسۇدا ئالغان خوتۇنى جوۋجيەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمىگە كىرگەن بولۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي، ھايات - ماماتتا بىرگە بولۇپ، تىز پۈكمەي چىڭ تۇردى. 1946- يىلى 7- ئايدا كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلگەن كوممۇنىستلار يەنئەنگە قايتىپ كەلدى، جوۋجيەن شۇ ھامان پارتىيە تەشكىلاتى تەرىپىدىن رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا تەستىقلاندى. ئازادلىقتىن كېيىن چېڭ جيېزكې ئۇزۇن مۇددەت بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنىستىتۇتىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېڭ جيۇكې «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن «شىنجاڭ خائىنلار گۇرۇھى» نىڭ ئەزاسى دەپ تۆھمەت چاپلىنىپ، تارتقان ئازابلىرى قالماي، تەنسالامەتلىكى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىنىپ، قاتتىق كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ، ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. خوتۇنى جوۋجيەنمۇ ھەر خىل قىيناش ئازابلىرىغا ئۇچراپ، چېڭ جيۇكې ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يىت - چىت قىلىنغاندىن كېيىن، 1978- يىلى 9- ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭ خائىنلار گۇرۇھى» دېگەن ناھەق ئەنزە ئۈچۈن رەسمىي پىكىپەن قىلدى، چېڭ جيۇكې ئەر - خوتۇنمۇ ئاقلاندى.

(تۇرسۇن قادىر تەرجىمىسى — تەرجىمان قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسى، ئابدۇرېشىت ھاجى سېلىشتۇرۇپ بېكىتتى).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇغىنى ھۈسىيىن

قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى باستۇردى
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
1990 ـ يىل، ئاۋغۇست